# يېڭى قاشتېشى

NEW JADE LITERATURE

4

1993

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



گىتتارچى قىز

# يېڭى قاشتېشى

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

4

1993

(ئون تۆتىنچى يىل نەشرى)

(ئومۇمىي 72 - سان)

خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: مجيت باقى مەسئۇل مۇھەررىر: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

# بوستاندا

چەت ئەللەرگە چىقىش نومۇرى: ISSN 1002 — 929X

## ھېكايىلەر


ئامەت ئىچىدىكى ئاپەت ............ جالالىدىن بەھرام 8
تەقدىر ............ ئابلىز ئابدىلىم 16
ئىككى ھېكايە ............ تۇرسۇنتوختى سۇلايمان 18
مەرھابا ............ ئابدۇقادىر سادىر 32
ھازازۇل ............ ئەزىز سەيدەخمەت 49
ئوغرى بىلەن «ئوغرى» ............ ھېمىت ياسىن 50
پۇرسەت ............ غوجىمۇھەممەت قابىز 68
ئامىز خەت ............ مەتتۇرسۇن قۇربان 69
جۇمە سەپرا ............ ئالتۇنگۈل رەجەپ 77


## نەسىرلەر


ھېس تۈگۈنچەكلىرى ............ ئابدۇلئەھەد تۇرسۇن 51


## ئەدەبىي ئاخبارات، ئەسلىمە


ئېھ، تاش بالىلىرى ............ ئەكبەر سالى 1
تىنىم تاپماس تاشيولچىلار ............ قەييۇم ئابدۇقادىر 62
يول شەجەرىسى ............ (ماقالە) ............ خوتەن تاشيول باش ئۆچاستىكىسى 92


## شېئىرلار


ئىچ - ئىچىمدىن كۈلكە قايناپدۇ ............ روزى سايىت 21
ئاھ، يوللار ............ مۇھەممەتتوختى ئەخمەت 25
شېئىرلار ............ نەۋ بەرى 27
شېئىرلار ............ تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن 28
شېئىرلار ............ ئەخمەتجان تۇرۇپ 30
مېنىڭ سەھرايىم ............ ئابلەھەت مەتكېرىم 31
باشتا ............ مۇھەممەت ئابدۇللا ئابدۇخالىق 31
ئېھ، يوللار ............ ئابدۇلئەھەد قادىرى 54
ئىككى شېئىر ............ روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ 55
شېئىرلار ............ مۇھەممەت بارات (تەشنائى) 56
ئارمانلار ياش پېتى قېپقالدى يەنە ............ نۇرمۇھەممەت ياسىن (ئۆركىشى) 57
غەزەللەر ............ مۇھەممەتئىمىن قۇربانى 57
خىيالىمدا سۆيگۈ ئالەمى ............ ئەسىردىن ھاپىز 59
ئىككى شېئىر ............ ئابلەھەت ئەخمەد 59
ئىككى شېئىر ............ ھاپاتنوپۇس مۇھەممەت 60
ئىزگۈ دەقىقىلەر ............ ئارزۇگۈل مەمتىمىن 61
دەست بوپ قويغىن مەن ئۆچۈن بىر رەت ............ ئەركىن ئەبەيدۇللا 61
قونالغۇدا قونغان ھېسلىرىم ............ ئابدۇللا سۇلايمان 85
ئېچىرقاش ............ ياسىن زىلال 88


## كلاسسىك ئەدەبىياتتىن


نەۋبەتى غەزەللىرى ............ 71


---

(بۇ ساندىكى مۇسىن خەت ۋە قىستۇرما رەسىملەرنى ھەبىبۇللا ھەسەن ئىشلىگەن).

**« پايانداز » تېمىسىغا بېغىشلانغان ئەسەر**




**ئەكبەر سالى**

سەككىز كىشىلىك «جىپ» ئۇزۇن يىلاندەك ئەگرى سوزۇلۇپ ياتقان بۇ تاشيولنىڭ 39 يىللىق ئۆمرى ئۈستىدە خىيال سۈرۈۋاتقاندەك ھېلىھەم ئاستا ئۇزاپ بېرىۋاتىدۇ، تەكلىماكاننىڭ باغرىغا جايلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭ بوستانلىقىنىڭ بۇ يەرلىرى ئاجايىپ بىر دۇنيا، خەلقىمۇ تەرىپلىگۈسىز ئېسىل خەلق. بۇ يەرگە تۇنجى كەلگەن كىشىلەرنىڭ ماختاش باھالىرىنى تالاي قېتىم ئاڭلىغانمەن. دۇرۇس، بۇ يەرلەر مۇھەببەت، بۇ يەرلەر ئوت!...

بوشقىنا ئېچىلغان دېرىزىدىن ماشىنا ئىچىگە جەنۇب دىيارىنىڭ شۇ قەدەر ھوزۇرلۇق سەلكىنى غۇيۇلداپ كىرىپ، كىشىنى مەستخۇش ئېتەتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى رەت - رەت كۆجۈم مەھەللىلەر، بۆككىدە قومۇشلۇق، سازلىق، ئورمان، مازار...لار كىشىنى ئېكرانىدىكىدەك ئالمىشىپ تۇرىدۇ، «جىپ» ئەمدى كۆز يەتمەس يىراقىقچە كۈمۈشسىمان پۆپۈكلىرىنى لەرزان يەلپۈلىتىپ تۇرغان يېشىل قومۇشلۇق ئارىسىدىكى يولغا كىردى. قومۇش پۆپۈكلىرى گاھ دولقۇنلاپ تۇرغان پايانسىز باشاقزارلىقنىڭ ئىسسىق كۈلۈمسىرىشىدەك تۇيۇلسا، گاھ سۇبھىدە تاغلارنىڭ قۇچاقلىرىدىن بۆرتۈپ چىقىۋاتقان كۈمۈش مانانلاردەك تۇيۇلۇپ، ئادەمگە ئىللىق سېزىم بېرەتتى، قومۇشلۇق ئارىسىدا بەزەن يەنە ياپيېشىل نوتىلىرى باغجايلاپ ئۆسۈشكەن قېرى جىگدە دەرەخلىرى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



چېلىققاتتى. بۇ يولنىڭ بېشى ناھايىتى يىراقتا بولغاندەك، ئايىغىمۇ كۆز يەتكۈسىز يىراقلىقتا.

« زېمىندا يول يوق ئىدى، كېيىن كىشىلەر مېڭىۋېرىپ يول ھاسىل بولغان » دېگەن جۈملىنى جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆپى بىلىدۇ. بۇ زېمىندا تالاي ئەجدادلار ياشاپ، تالاي ئەجدادلار كۆز يۇمدى. بۈگۈنكى بىزلەرنىڭ تەقدىرىمىزمۇ بۇ مۇقەددەس قانۇنىيەت بويىچە بولىدۇ، كېيىنكى ئەۋلادلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. گەپ مانا مۇشۇ بىر كۈنلۈك ئۆمۈرنىڭ تەقدىر بىلەن قانچىلىك كۆرەش قىلالىشىدا. مەن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى يېزىپ قويۇلغان ماتېرىيالغا كۆز يۈگۈرۈتتىم، « ئومۇمى ئىشچى - خىزمەتچى 211 نەپەر، بۇنىڭدىن دەم ئېلىشقا چىققانلار 63 نەپەر. يول ئاسراش ئىشچىلىرى 106 نەپەر، باشقۇرغۇچى خادىملار 21 نەپەر، مۇلازىمەتچى، شوپۇر، رېمونتچى گورۇپپا خادىملىرى 21 نەپەر... » مەن ئۇلارنىڭ چىرايىنى خىيالەن قىياس قىلىپ باقتىم. بۇ ناتونۇش چىرايلار نېمىشقىدۇر ماڭا سۆيۈملۈك تۇيۇلدى. ئۇلارنىڭ بىر نەچچىسى مەن تونۇيدىغان كىشىلەر، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆرۈشىدىغان سەھنىسى كىشىلەرگە يات بولغان بىر دۇنيا — تاقىر ساي، ئادەمسىز جەڭگاھ.

بۇ چۆلدە نە ئادەمزات، نە ئۆي-جاي، ھەتتا جان - جانىۋارلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ. يىراقلارغا نەزەر سالغاندىمۇ كۆزگە ئالۋۇندىن باشقا ھېچنەرسە چېلىقمايدۇ. قۇم-شېغىللىق، غىلتاڭ سايلىق چەكسىز چۈش پەيتى بەجايىكى گورۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان تونۇر. ئادەمنىڭ مېڭىسى چاراسلاپ ئېتىلغۇدەك دەرىجىدىكى پېژغىرىم ئىسسىقتا دائىم دېگۈدەك چىقىپ تۇرىدىغان چۆل شامىلى كىشىگە ھوزۇر ئەمەس، بېگىزدەك چوقۇلىدىغان قۇم، شېغىللارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، كۆزنى ئاچقۇسىز قىلىپ تاشلايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ يەرلەر ناھايىتى قەدىمدە تاغ - دەريا ئىكەنمىش. يېقىن ئۆتمۈشتە بۇ يەردىن كارۋانلار كولدۇرمىلىرىنى جاراڭلىتىپ، ھارغىن قەدەملىرىنى ئېغىر - ئېغىر يۆتكەپ، يىراقلارغا سەپەرگە چىققانىكەن. تالاي ئەزىمەتلەر تۇيۇقى ئاستىدا ناۋاتتەك نۇرلار چاقنىتىپ تۇرىدىغان تۇلپارلارغا مىنگەن پېتى مىسران قىلىچلىرىنى كۈن نۇرىدا يالىلادىتىپ، سۈكۈت باسقان بۇ چۆلنى تەۋرەتكەنىكەن. بەلكىم بۇ يەردە مۇھتىرەم خەلقىمىزنىڭ قانلىرى ئېقىپ، ئۇنىڭدىن قارا ئۆتمۈش ئىچىدە ئەنە ئاۋۇ ھالرەڭ ئېچىلغان چۆل قامغاقلىرى بىخلانغاندۇر بەلكىم...

قاچاندۇر بىر چاغلاردىن باشلاپ بىرتوپ كىشىلەر بۇ يەردە پەيدا بولۇشتى. ئۇلارنىڭ قولىدا زامانىۋى چوڭ- چوڭ ماشىنىلارنىڭ رول ۋە كونوپكىلىرى ئەمەس، ئېغىر جوتۇ، گورجەك، شېغىل تاسقايدىغان يوغان- يوغان غەلۋىرلەر بار ئىدى. مانا بۇ بىر توپ كىشى ئاشۇ 211 نەپەر سۆيۈملۈك ناتونۇش چىرايلار. ئۇلارنىڭ قولىدىكى جوتۇلارنىڭ چۆل كۆكسىنى تىلغىشى، گورجەكلەرنىڭ تاشلارغا تاراڭلاپ تەگكەن ئاۋازلىرى، يۈكچى ماشىنىلارنىڭ توپا توزۇتۇپ چېپىپ يۈرۈشلىرى چۆلنى ھەيرانلىققا سېلىپ قويىدى. بۇ يەردىن ناھايىتى بولغاندا تۇزچى بوۋايلار ئۆتۈشكەندۇ، ئەمما بۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ قاپقارا تەرلەرنى ئاققۇزۇپ، بىكىرەك تاش- شېغىللارنى كولىشى بىر «غەلىتىلىك!»...

جەنۇب قىزىللىرىنىڭ سىيادانىدەك قاپقارا ئۇزۇن، بوستان چاچلىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كەينىدىن قارىسىڭىز، بېشىدىن تاپىنىغىچە سويلاپ چۈشۈۋاتقان بىر پارچە چوغ سىزنى ئېرىتىۋېتىدۇ. مەن ئالدىمدىكى ئۆزلۈكسىز يېيىلىپ چىقىۋاتقان ماي يولىغا كۆز تىكتىم. نەتىجە ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، بەلكى چىن ئىنساننىڭ قان- تەرى بىلەن يارىلىدۇ. گەپنى ئېيتماققا ئوڭاي، ئىش ئاشۇ تاقىر سايدىكى كۆيۈپ پىشىش بىلەن تۈگىمىدى. ئەمدى يىراقلاردىن توشۇپ كېلىنگەن توك- توڭلارغا قاچىلانغان قارا مايلار — موملارنى، نەچچە يۈز گرادۇسلۇق هارارەت بىلەن كېچە-كۈندۈز ۋاراقلىتىپ قاينىتىش كېرەك، ماي ماشىنىلىرىغا قاچىلىنىشى كېرەك، يوللارغا مايلار سېپىلىشى، شېغىل چېچىلىشى، ئۈستىدىن يول تەكشىلەش ماشىنىلىرى بىلەن تەكشىلەش كېرەك، يوللارنى رەتلەپ، ئىككى ياقىسىنى كۆتۈرۈش كېرەك. ئەلۋەتتە بۇنىڭغا قورقۇنچلۇق بەدەل تۆلىنىدۇ. ماي كاتەكلىرىگە بىخەستەلىكتىن چۈشۈپ كەتكەن مەرھۇملارنىڭ كۆز يۇمۇش ئارىلىقىدىلا لەيلەپ چىققان قۇرۇق ئىسكىلىتىنى كۆرۈش شۇ قەدەر دەھشەتلىك!... ياسالغان يوللارنى هەر ۋاقىت ئاسراش، قوغداش كېرەك. مۇشۇ ئىشلار هېچ تەخىرسىز هالدا تولۇق ئورۇنلىنىشى شەرت. بۇلار ئاخىرقى هېسابتا يۇرتىمىزگە يۈكسەك دەرىجىدىكى بۇرچ، مەسئۇلىيەت، شەرەپ هەم رىقابەت تۇيغۇلىرى ئورنىغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ قان - تەرى بىلەن هەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندالدى.

يول تەكلىماكان باغرىدىكى مۇشۇ زېمىندىن ئېچىلدى، مۇشۇ يەردىن باشلاندى. ئۇ ۋاقىت جۇمھۇرىيەت ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن چاغلار ئىدى. توپا- چاڭلار ئۆرلەپ تۇرىدىغان، ئېگىز- پەس، ئەگرى- بۈگرى كاتاڭ هارۋا يولىدىن يىراق ئۆتمۈشنىڭ قاششاق، نادانلىقى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇراتتى. ئەينى يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇهىم تاشيول ئۆچاستكىسى بولغان قەشقەر تاشيول باش ئۆچاستكىسىنىڭ قارىمىقىدىكى بۇ كىچىككىنە قالاق تارماق ئۆچاستكا تاكى 1973- يىلغا كەلگەندە، ئاندىن يېڭى قۇرۇلغان خوتەن تاشيول باش ئۆچاستكىسى قارىمىقىغا ئۆتتى. بۇ چاغدا هەش- پەش دېگۈچە 20 يىل ئۆتۈپ كەتكەنىدى، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە 19 يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. يىللار قاقىرلاردەك تىزىلىپ، ئېقىن سۇدەك ئېقىپ كېتىۋەردى. تارىختا ئاجايىپ زور ئىشلار بولۇپ ئۆتتى.

39 يىل. بۇ تاشيولنىڭ 14 مىڭ سوتكىدىن ئوشۇق ئۆمرى شۆھرەتلىك قامۇسلاردا بۈيۈك هۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنمىدى ياكى دۇنيانى زىلزىلىگە سالغۇدەك سەلتەنەتلىك ئىشلار مۇ بولۇپ ئۆتمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە هەر خىل ئاپتوموبىللار يېنىك چايقىلىپ ئۆتكەندە، هاردۇق يەتكەن يولۇچىلار هوزۇرلانغان هالدا ساماۋى چۈشلەر ئىچىگە سىڭىپ كەتتى، خالاس. يول شاهىت سۈپىتىدە ئۈن - تىنسىز پېتى هەممىنى كۆرۈپ تۇردى. كىشىلەرگە بەخت يارىتىۋاتقان مۇشۇ ئادەملەر هېچنېمە بىلمىگەندەك، باش كۆتۈرمەي ئۈن- تىنسىز هالدا قان- تەرلىرىنى دۆلەت تاشيولىنىڭ بىر قىسمى بولغان مۇشۇ قاراماي يولى ئارىسىغا سىڭدۈرۈش بىلەن ئۆتتى. مەن قولۇمدىكى ماتېرىيالغا يەنە كۆز يۈگۈرتتۈم. « ئاسرايدىغان مۇساپە 179 كىلومېتر، بۇنىڭدىن قاراماي يول 144 كىلومېتر،

شىغىل يول 65 كىلومېتر.» ماشىنا دېرىزىسىدىن بۇ خىيالدەك ئۇزۇن سوزۇلغان تاشيولغا نەزەر سالدىم. بىردىنلا مۇتەپەككۇر لۇشۇن ئەپەندىنىڭ ھېلىقى سۆزى ئېسىمگە چۈشتى.

ئۇنىڭ چىرايىغا سىنچى كۆزلىرىم بىلەن سەپسالدىم. ئوتتۇرا بوي، تەمبەل كەلگەن بۇ كىشىنىڭ چىرايى ۋە گەپ-سۆزلىرىدىن تاشيول سېپىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىگەنلىكىنى بىلىۋېلىش ئاسان ئىدى. كىشىلەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىدىغان، خۇشچاقچاق، كىچىك پېئىل بۇ سىياسىي يېتەكچى بىلەن بىردەمدىلا چىقىشىپ كەتتىم.

— مۇھەممەتئىمىن ئاكا، ئىلگىرى مەن تاشيول ئاسراش ئىشچىلىرىنى كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىر توپ بىكار تەلەپلەر ياكى كۈن بويى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر دەپ قارايتتىم. مانا، بۈگۈن كۆردۈم، ئاجايىپ بىر دۇنيا ئىكەنغۇ بۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكىنى ھېچ يوشۇرماستىنلا.

— بۇنى سىزدىنلا ئەمەس، باشقىلاردىنمۇ جىق ئاڭلىغانمەن، بۇنى بىز بىلىمىز، ئىشچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرى بىلىدۇ. دەسلەپتە تازا قىينالدۇق، نارازى بولغانلار، چىقىپ كەتكەنلەرمۇ بولدى. قۇشلارنىڭ ئالتۇن قەپەز ئىچىگە كىرىپ دان يېگۈسى كېلىدۇ، كىرىپ يەنە سىرتقا چىققۇسى كېلىدۇ — ئاقىۋەت شۇنداق بولدى. باشقىلار بۇ يەرگە كېلىشنى دەسلەپتە ئوتتەك خالايدۇ، كىرىپ بولۇپ كېيىن كۆپ ئۆتمەي يەنە چىقىپ كېتىشىدۇ. نەتىجىدە ھەممىنى باشتىن باشلاشقا توغرا كەلدى. يول ئا-

باغ ئاستىمىزدا. ئىشنى ئالدى بىلەن ئىشچىلارغا بولغان سىياسىي، ئىدىيەۋى تەربىيىدىن باشلىدۇق. كېيىن قاتلاممۇ-قاتلام چوڭقۇرلاپ، مەدەنىي-تەنتەربىيە سايمانلىرىنى ياساپ، ئىشچىلارنىڭ تەلىپىنى تولۇق قاندۇردۇق، ئەدەبىيات-سەنئەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىدۇق، «ياشلار ئائىلىسى» تەسىس قىلدۇق، «ئۈچ باغ» بىنا قىلدۇق، ھەتتا تەمىنات — ئاشلىق، سەي، كۆكتات، كۆمۈرلىرىنى ئائىلىسىگىچە يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇلارنى ۋە ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنى خاتىرجەم قىلدۇق، ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن 2000 يۈەن تۆلەپ ئوقۇتۇپ، كېيىن ئۇلارنى يەنە ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق. يەنە دەم ئېلىشقا چىققانلارنىمۇ دائىم يوقلاپ، تۇرمۇشىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ تۇردۇق. كىممۇ بۇنداق ئورۇندىن رازى بولماي چىقىپ كەتسۇن؟

ئالدىمدىكى تام ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە قىلچە گۇمان قالدۇرمىدى. ئاپتونوم رايونىدىن ئارتىپ ناھىيىگىچە بولغان ئورۇنلار، شەخسىيلەرنىڭ لەۋھە، تەقدىرنامىلىرى تاملارنى توشتۇرۇۋەتكەنىدى. مەن ئۇلارنىڭ سانىنى ئىدىتلاپ بولالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

كېرىيە ناھىيىسىدە نامى پۇر كەتكەن مەجرۇھ قىز چىنارخاننىڭ ياشانغان دادىسى مەتنىدىق قاسىم كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان پېتى ئېيتىۋاتقان سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. بۇ پېشقەدەم يول ئاسراش ئىشچىسىنىڭ ئارام-ئارام ئېقىۋاتقان سۈزۈك كۆز يېشى ئىچىدىن ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

ئازادە ۋە پاكىز بۇ پېشايۋانلىق ئۆي-

نىڭ سۇپىسىدا ئولتۇرۇپ 15 ياشلىق چىن
نارخانغا قارىدىم . ئۇ قولۇمدىكى
ئىلىگىرى چۈشكەن سۈرىتىمـ
گە ئەسلا ئوخشىمايتتى . ئالدىمدا راسـ
تىنلا ھۆپپىدە ئېچىلغان بىر قىزىلگۈل
كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى . خىيالىمغا يەـ
نە ئاشۇ سۆيۈملۈك ئىشچىلار كەلدى .
ئۇلار بەش يۈەن ، ئون يۈەن ، 20 يۈەن ،
50 يۈەنلەرنى يىغىش قىلىشىپ چىنارخانـ
نى ئۆرۈمچىگە ئۇزاتتى . ئوچاستىكا پۇل
چىقاردى . ئوچاستىكا ئىتتىپاق ياچېيكىـ
سى ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ، پاراۋانـ
لىق فوندى ، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىـ
تېتى ۋە رەھبەرلەر پۇل چىقاردى . پۈتۈن
كېرىيە تەۋەسىدە بىر تەسىرلىك سىمفوـ
نىيە ياڭرىدى . چىنارخاننى كېسەلدىن
دوختۇرلار خالاس قىلدى . ئىشچىلارنىڭ
سەمىمىي ۋە ئىزگۈ تىلەكلىرى خالاس
قىلدى ...

مەن ئوچاستىكا باشلىقى ئوسمان مەتـ
توختى بىلەن خۇددى كونا تونۇشتەك
چىڭ قول سىقىپ كۆرۈشتۈم . بۇ كىشىمۇ
تاشيول ئاسراش سېپىدە ئۇزۇن يىل ئىشـ
لىگەن قابىلىيەتلىك ياش رەھبەر . ئۇ
بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئۆزىنىڭ چاقـ
چاقچى، ئەمما مەسىلىلەرگە كەسكىن ۋە
ئەستايىدىل ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى .
ئۇ ئويتوغراق تاشيول ئاسراش ئەترىتىـ
نىڭ بىر نەپەر باشلىقى ئېلىپ كەلگەن
كېسەللەرنىڭ ۋە ئىش ئورنىدىكى ئىشچىـ
خىزمەتچىلەرنىڭ ئاتچوت قىلىنىدىغان
ھۆججەتلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۆـ
رۈپ ، تەستىق يازدى . ئاندىن ئۇلارنىڭ
ئەھۋالىنى كۆيۈنگەن ھالدا سوراپ ، قىـ
يىنچىلىق بولسا ۋاقتىدا ئېيتىشنى قايتاـ
قايتا تاپىلىدى، ئۇ چىرايىدىن رازىمەنـ

لىك نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا
ياشلىق ئەترەت باشلىقىنى ئۇزىتىۋېتىپ
قايتىپ كىرگەندىن كېيىن سۆزىنى داـ
ۋاملاشتۇردى :

ــ ئوچاستىكىمىز قارىمىقىدىكى ئويـ
توغراق يول ئاسراش ئەترىتىنىڭ خىزـ
مەت شارائىتى ئەڭ ناچار، قۇم ، بوران،
كەلكۈن ئاپىتىگە دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ ،
شۇنداقتىمۇ ھازىر ئىشچىلارنىڭ نارازىـ
لىقى يوق دەپ كېسىپ ئېيتالايمەن ، ـ
مەن بۇ ئۆزىگە ئىشىنەلەيدىغان ، كەسـ
كىن ياش رەھبەرگە ئىچىمدە ئاپىرىن
ئېيتتىم .

مېنىڭ بىر نەپەر ھەمراھىمنىڭ خاتىـ
رىسىگە پۈتۈلگەن مۇنۇ ئابزاسلارنى كۆچۈـ
رۈپ قويسام ئارتۇقچىلىق قىلماس:

ــ ئويتوغراق تاشيول ئاسراش ئىشچىلىـ
رى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىـ
دىن قاچقۇن جىنايەتچى قوغلاپ چىققان
خەنزۇ ھەربىيلەرنى ئالتە قېتىم ياتاق ،
تاماق بېرىپ كۈتۈۋالغان.

ــ ئويتوغراق تاشيول ئاسراش ئىشچىلىـ
رى 3ـ ماي كۈنى 2264ـ2266 كىلومېترلىق
لىنىيە ئارىلىقىدا ئېغىر قۇم چۈشۈش
ئاپىتى يۈز بېرىپ، قاتناش توختاپ قالـ
غاندا، نەقمەيدانغا ۋاقتىدا بېرىپ، بىر
كېچە ئىشلەپ ، سەككىز ماشىنىدىكى جاڭ
جىبۇ قاتارلىق 21 نەپەر ھەر مىللەت
خەلقىنى قىزغىن كۈتۈپ ، ماشىنىنى قۇمـ
دىن چىقىرىپ يولغا سېلىپ قويغان ، ئۇـ
لار ئىشچىلارنىڭ بۇ خىل ئالىيجاناب خىسـ
لىتىدىن تەسىرلىنىپ بىر دانە تەقدىرناـ
مە ئەۋەتكەن .

ــ 19ـ ماي كۈنى ئويتوغراق تاشيول
ئاسراش مۇساپىسىنىڭ 2262ـ2264 كىلوـ
مېترلىق لىنىيە ئارىلىقىدا خوتەن 1 ـ

ترانسپورت شىركىتى 2- كالوننىڭ 00106- نومۇرلۇق ۋە 1- كالوننىڭ 00091- نومۇرلۇق ئىككى ماشىنىسىدىكى ياڭ خۇ، جاڭ شياۋخې، خۇياۋ جىڭ قاتارلىق ئالتە نەپەر خەنزۇ يولداشنى قىزغىن كۈتۈپ، ئۈچ سائەت جاپالىق ئىشلەپ، ماشىنىنى قۇمدىن چىقىرىپ بەرگەن، ئۇلار تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغان.

مەن ھەمراھلىرىم بىلەن مۇھەممەتئىمىن قۇربان ۋە ئوسمان مەتتوختىلار بىلەن بىرلىكتە ھەر قايسى تاشيول ئاسراش ئەترەتلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇنلارغا باردىم، قانچىلىك تەرىپلەش سۆزىنى ئىپتىقانلىقىمنى بىلمەيمەن، مېۋىلىك باغ، سەيلىك باغ، گۈللۈك باغ، «ياشلار ئائىلىسى» بىر پارچە رەسىمنى كۆپەيتىپ باسقاندەك شۇنداق ئوخشاش ۋە رەتلىك ئىدى، بولۇپمۇ ئەڭ جەلىپ قىلارلىقى تاملاردىكى «تۆت جەدۋەل، تۆت خەرىتە» بولدى، ھەممە ئىشلار شۇنداق رەتلىك، شۇنداق تەرتىپلىك بوپتۇ.

— قارىغاندا ئوچاستكا ئىشلىرىدا سىلەرمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بارغان ئوخشىمامسىلەر، — دېدىم دائىكۇ يول ئاسراش ئەترىتى ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ ياش شۇجىسى سادىرغا قاراپ.

— بۇنى ياخشى دەپ قالدىڭىز، — دېدى ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرغان ئوسمان مەتتوختى ماڭا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، — بۈگۈن ئىسلاھات دەۋرى، «ئۈچ باغۋەندىلىك تۈزۈمى» نى بىكار قىلىدىغان دەۋر، ئىشچىلار قانچىلىك ئىشلىسە شۇنچىلىك ھەق بېرىلدى، مۇكاپات - جازانى يولغا قويدۇق، بەزىلىرى نەچچە يۈز يۈەن مۇكاپات ئالدى، بەزىلىرى مۇكاپات ئالالمىدى. ماددىي بايلىق يارىتىش بىلەن مەنىۋى بايلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈردۇق. مۇكاپات - جازا بەلگىلىمىلىرىنى ئېنىق بەلگىلەپ، ھەر بىر ئىشچىغا تولۇق ئەمەلىيلەشتۈردۇق. ئىشچىلارنىڭ ھەممىسىدە «يول ئاسراش كەسپىم، ئوچاستكا ئائىلەم» دەيدىغان ئەنئەنە ۋۇجۇدقا كەلدى. پىلان يىلمۇ يىل ئاشۇرۇلۇپ، مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلاندى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئۆگىنىش ئىشلىرى ياخشى ئېلىپ بېرىلدى. مانا 1986- يىلدىن بېرى ئوچاستكىمىز تەۋەسىدە بىرەر كىشى قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان ياكى تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىغا كىرىپ قېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلمىدى.

مەن يەنە سەپەر ئارىلىقىدا ئوچاستكا سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت داۋامىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى قاندۇرۇشلا ئەمەس، تاكى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم تاشيول ئوچاستكىلىرى، باش ئوچاستكىلار، ھەربىي قىسىم، تۆمەن مەيدانلارغا بېرىپ سەييارە ئويۇن قويغانلىقىنى، بۇ يىل سەنئەت گۇرۇپپىسى يەنە ئىككى ئاي جاپالىق مەشىق قىلىش

ئارقىلىق، خوتەن ۋىلايەتلىك باش ئوچاستىكىغا ۋەكالەتەن ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىدە 2- دەرىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى بىلدىم.

بىز چىرىيە يول ئاسراش ئەترىتى تۇرۇشلۇق ئورۇنغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ ئەترەتتىن بىر ئەۋلاد مۇنەۋۋەر تاشيول ئاسراش ئىشچىلىرى يېتىشىپ چىققانىدى. ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت دەرىجىلىك «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى»، باشقىلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان مەينىساخاننىڭ ئىنىسى، دامىكۇ يول ئاسراش ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئىتتىپاق گۇرۇپپا باشلىقى، ۋىلايەت دەرىجىلىك «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى»، «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى» كۈرەش مەسۇم بىزگە ھەمراھ بولۇپ دامىكۇدىن چىرىيىگە كەلدى. مەن ئۇنىڭ ئاكىسى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى»، چىرىيە ئىتتىپاق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى تۇرغۇن مەسۇم بىلەن قول سىقىشىپ كۆرۈشتۈم. ئۇنىڭ دەم ئېلىشقا چىققان گۈلخۇمار ئاتا-ئانىسىمۇ مۇشۇ ئەترەتنىڭ پېشقەدەم ئىشچىلىرى ئىدى. مېنىڭ يول ئاسراش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتىغان بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرگە ھۆرمەت ھېسسىياتىم ئۇرغۇدى.

گۈگۈم پەردىسى ئاستا-ئاستا يېيىلىپ، يەنە بىر سوتكىنىڭ ئاخىرلىشىش چېكى بولۇپ قالدى. يول ئۈستىدە ھەر خىل ئاپتوموبىللار ھېچ خاۋاتىرسىز ھالدا قارار گاھلىرىغا ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى.

مانا، مانا بۇلار دۆلەت تاشيولىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان تەكلىماكان ئېتىكىدىكى كىرىيە ناھىيىلىك تاشيول ئاسراش ئوچاستىكىسىنىڭ تېزسىزىملىرى، مانا بۇلار مۇشۇ تاش-شېغىللىق، قايناق جەڭگاھتا گرانىت تاشتەك مۇستەھكەم بولۇپ يېتىشكەن تاش باللىرىنىڭ تېز سىزىملىرى...

مەن ماشىنا دېرىزىسىدىن ئالدىمىدىكى شەرقىي مەنزىل تەرەپكە قارىدىم. ئۇ يەردىن كۆزۈمگە بىردىنلا 211 نەپەر سۆيۈملۈك تاش باللىرىنىڭ چىرايى كۆرۈنگەندەك بولدى. ماشىنا يولدا ئاقار يۇلتۇزدەك ئۈزەتتى. قارا پاياندازدەك يېيىلىپ ياتقان ماي يولدا بىر قايناق ئېقىن، جۇشقۇن ياڭراۋاتقان بىر سىمفونىيە بارغانسېرى ئۈلغىيىپ بېرىۋاتاتتى. مەن جەنۇب سايازلىقىنىڭ ئىپار ھىدلىق ساپ ھاۋاسىدىن كۈچلۈك بىر نەپەس ئالدىم-دە، ئاستا پىچىرلىدىم:

— ئېھ، تاشلىق جەڭگاھ، ئېھ، تاش باللىرى...



# ئادەت ئىچىدىكى ئاپەت

(ھېكايە)

جالالىدىن بەھرام

سېيىت توخۇ رەيھانگۈل بىلەن سىرتقا چىقىشى شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان شۇۋىرغان ئۇلارنى ئۇچۇرۇپ بىنا تېمىغا قىستاپ قويدى. قالايمىقان پىرقىراپ زەھەردەك چىقىۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرى يۈزلىرىنى ئېچىشتۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئاچۇرماي قويدى.

— رەيھانگۈل، ئەكىلىڭ قولىڭىزنى، — دېدى سېيىت بىر قولىنى يۈزىگە دالدا قىلغاچ، — پاھ، پاھ، نېمىدېگەن جۇدۇن بۇ، بۇ شەھەردىن جاق تويدى كىشى، ياز نازىلىق خوتۇندەك كېيىن كەلگەن، قىش دىگەن رودىپايدەك چاپلىشىۋالغان...

— شۇنى دېمەمسىز، — دېدى رەيھانگۈل پەلتۇسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ، — بولمىسا تۆتىنچى ئايمۇ كىرىپ قالاي دېدىمانا...

ئۇلار چوڭ يولغا چىقىشى بىلەن كوچا چىراغلىرى خۇددى كۆنىكى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك پىرقىراپ يۈرگەن قار ئۇچقۇنلىرىدا گۇڭگا يورۇپ تۇراتتى. كوچىلاردا ئادەملەر ماكانىغا ئالدىراپ يۈگۈرۈشەتتى. سېيىت توخۇ رەيھانگۈلنى يېتىلەپ ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئارانلا بېرىۋالدى. بېكەت سالاسۇنىنىڭ سېمونت تۈۋرۈكى ئۇلار ئۈچۈن ئوبدانلا دالدا بولدى.

— ئەمىسە سېيىت، — دېدى رەيھانگۈل

قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىنى سىلاپ، ـ
ھېلىقى نەرسە جۈپ بولۇپ كەتسۇن ـ ھە...
ئۆزىڭىزمۇ ھەممە نەرسىنىڭ جۈپى ياخشى،
تاق بولۇش قېچىرىنىڭ ئىشى دەيتتىڭىز ـ
غۇ؟...

— ئەمدى... ئەمدى قاراڭ... ھى...
ھى... ھى، ـ سېيىت ھىجايدى، ـ يېنىمـ
دىكى ئۈچ يۈز ئەللىك سوم ئۆزۈككىلا
يېتىدىكەن. ھالقىسى بىلەن قوشۇپ ئالسا
يەتتە يۈزسومكەن ئەمەسمۇ؟!...

— ۋىيەي، ئىرىك جان بولغاندىكىن
بىر يەردىن تېپىڭ. مەنمۇ ئاز قۇربانلىق
بېرىۋاتىمەنمۇ؟!... سىزنىڭ سەت ئاتىقـ
ڭىزنى بىلىپ تۇرۇپ، خۇددى كۆتۈمنى
ئېلىپ يۈزۈمگە قويغاندەك، تېگەي دې ـ
دىم، ـ رەيھانگۈلنىڭ تەرگەن ئىنچىكە
قېشى غۇژژىدە تۈرۈلۈپ، يېيىلىپ تۇرغان
بۇرنى ئۈستىدە قورۇقلار پەيدا بولدى، ـ
ئويلاپ بېقىڭ «ئۇن ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن
ئادەمگە تېگىپتۇ» دېسە ماڭا چىرايلىقمۇ،
كىشىلەر سىزنى بىكارلا توخۇ دېمەيتتىكەن...

— ئەمدى... ئەمدى... شۇنداق بوپقالـ
دى قاراڭ... ھى... ھى... ھى...

— يەنە كېلىپ توي چىقىمىمۇ تارتـ
مايدىغان بولدىڭىز، ـ دېدى رەيھانگۈل
تومشۇقىنى ئۈچلاپ، ـ بىر تاۋاق پولۇ
بىلەن تۆت ئادەمنى چاقىرىپ نىكاھ قىـ
لىپلا ئەكىلىۋالىمەن دەۋاتىسىز...

— بۇ ياشقا كەلگەندە توي قىلىپ يۈرـ
سەكمۇ سەت بولا، ـ دېدى سېيىت، لېكىن
ئىچىدە: « تېخى بۇ قېرى ئاۋاقنىڭ تويـ
دىن تاماسى بار ئوخشىمامدۇ، ۋۆي ھېجىر
پۇچۇقى » دەپ ئىللىدى.

ئاپتوبۇسمۇ كەلدى. رەيھانگۈل قاردا
تېيىلىپ يۈرۈپ ماشىنىغا چىقتى ۋە دېرىـ
زىدىن « سېيىت ئۇنۇتماڭ، ھېلىقى جۈپ
بولۇپ كەتسۇن ـ ھە... » دەپ ۋارقىراپ
قول پۇلاڭلاتتى.

سېيىت شىۋىرغان ھۇۋۇلىغان بېكەتتە
شۈمشەرەپ ماشىنا ئارقىسىدىن قاراپ قالـ
دى. ئۇنىڭ مۇدۇر ـ چوقۇر يۈزى سوغۇقـ
تا كۆكىرىپ كەتكەنىدى. تامدا ئۆسكەن
قومۇشتەك ئورۇق ـ ئېگىز بويى بوراندا
ئېگىلەتتى، پۈكۈلەتتى. سېيىت گالستۇـ
كىنى چىڭىتىپ كىرلىشىپ، چەت ـ چۆرىـ
سى ئىتتىلغان ياقىسىنى چىڭىتتى، چارلاشـ
قان پاخپاق چېچىغا كۈلرەڭ شلەپىسىنى
باستۇردى. تولا كىيىپ ئۆڭۈپ كەتكەن
پەلتۇسىنىڭ ياقىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويدى
ۋە كۆڭلىدىن « ھەي ھەممە نەرسىنىڭ
يېڭىسى ياخشىدە، مانا بۇنىڭمۇ ئىسسىقى
قالمىدى » دەپ ئويلىدى.

سېيىت توخۇ ئەللىك ياشقا كىرىپ قالـ
غان ئادەم بولۇپ، قاينىدۇر بىر گېزىتـ
نىڭ كورركتورلۇقىنى قىلاتتى. ئۇ ئۆمـ
رىدە ئۇن ئىككى خوتۇن ئالغىنى راست. ئەمما
« خوتۇندىن تەلىيى كەلمىدى » دېسەك،
خوتۇنلارغا ئۇۋال قىلغان بولىمىز. ئۇنىڭ
ئالغان خوتۇنلىرى كۆپىنچىسى ياۋاش،
ئۆي ئىشىغا پۇختا ياكى تېجەشلىك دې ـ
گەندەك، يامان ئەمەس ئىدى. لېكىن سېيىت
نېمە ئۈچۈندۇر ئۇلار بىلەن ئۇزۇنى بىر
يىل، بولمىسا ئالتە ئايدا جېدەل ـ ماجىـ
راسىزلا ئاجرىشىپ كېتەتتى. سېيىتنىڭ
بىردىنبىر ئەقىدىسى « ھەممە نەرسىـ
نىڭ يېڭىسى ياخشى » ئىدى. شۇڭا ئۇ
خاتىرىسىگە بۇ ئەقىدىگە ياتىدىغان ئەقـ
لىيە سۆزلىرىنى كۆچۈرۈۋېلىپ كۈندە بىر
دېگۈدەك ئوقۇپ ھوزۇرلانغانلىقىدىن قولـ
لىرىنى ئۇۋۇلاپ كېتەتتى... ئۇنىڭ نەزەـ
رىدە بولۇپمۇ خوتۇنىنىڭ يېڭىسى ياخشى
دېگەن ئەقىدە كۈچلۈك ئىدى. بۇ ئەقىدە

ئۈنىڭغا « توخۇ » دېگەن لەقەمنى يېپىشتۇرۇپ قويىدى.

سېيىت مۇشۇ بىر ئايدىن بېرى ئۈچ ئايال بىلەن تونۇشتى. بىرى ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى گۈلباھار دەيدىغان چىرايلىق چوكان بولۇپ، پىرىكازچىك ئىدى. ئۇنىڭ تويلۇق تەلىپى ئون ئالتەگراملىق بىر ئالتۇن زەنجىر بولدى... ئون ئالتەگرام!... پاھ بۇقاراپ تۇرۇپ بىر مىڭ ئالتە يۈز سوممىنىڭ بېشىغا يۈندا چېچىش بولماي نېمە؟! ئۇنچىلىك پۇل بولسا سېيىت تېخى ئانىسى سۆيمىگەن قىز ئالىدۇ!... ئۇ ئىككىنچى قېتىم قىرىق بەش ياشلاردىكى خاسىيەت دېگەن بىر بالىلىق ئوقۇتقۇچى ئايال بىلەن تونۇشتى. بۇ ئوقۇتقۇچى: « بالامنى ئۆگەيلىمىسىلا بولدى، مېنىڭ ھېچقانداق تەلىپىم يوق » دېدى. لېكىن ماۋۇ رەيھان دېگەن سەي دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان قاقىر تۇمشۇقنىڭ ئۈزۈكنى تاق كۆرۈپ ھالقىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقىنىنى قارا...

سېيىت ئويلىنىپ قالدى. يەنىلا شۇ ياۋاش، يۇمشاق، بار دەپ تۆكمەيدىغان، يوق دەپ كۆپمەيدىغان ئوقۇتقۇچى خاسىيەت ياخشىدەك قىلىدۇ. ئىسمىمۇ چىرايلىق ئىكەن. « خا... سى... يەت... » پاھ راستلا خاسىيەتلىك خوتۇن!...

كوچا ئاپتوبۇسىنىڭ قاتتىق سىگنالىدىن چۆچۈپ كەتكەن سېيىت ئۆزىنى دەرھال چەتكە ئالدى. ئادەملەر ماشىنىدىن چۈشۈش بىلەنلا باشلىرىنى ئىچىگە تىقىپ بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان شىۋىرغاندا تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى. سېيىتمۇ ئالدىدىن ئۇرۇۋاتقان زەھەردەك قاردىن مۆكچەيگىنىچە ئۈچ قىرلىق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان پاشپالا تويۇقسىز يەرگە ئېگىشتىدە، قاردىن كالىلەك بىر نەرسىنى قولىغا ئالغاندەك قىلدى. بۇ چاغدا سېيىت ئۇنىڭ يېنىدىلا ئىدى.

— ئاكا بۇ نەرسە سىزنىڭمۇ؟ - دېدى بىر كۆزىنى قىسىۋالغان قارا بالا سېيىتقا.

— ياق...

بالا ھېلىقى كالىلەك نەرسىنى دەرھاللا كۆڭگا چىراغ نۇرىغا تۇتۇشى نېپىز ئاق سۇلياۋغا چىڭ باغلانغان ئون سوملۇق قوش مۇشتەك ئىككى باغلام قاتلانغان پۇل ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرگەن سېيىت « ياق... » نىڭ ئارقىسىدىن دەرھاللا « ھەئە » دەۋالدى...

— بولدى گەپ قىلما ئاكا، ئالدى - ئارقاڭغا قارىما، - دېدى يەكچەشمە قارا بالا پۇلنى قويىنىغا تىقىپ، - تەڭ بۆلۈشىمىز، خۇدايىم بەردى. يائاللا، يائاللا، جۇر ئارقامدىن خالى بىر يەرنى تېپىپ...

سېيىتنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈن بىر قەدەم بالدۇرراق ماڭمىغان بولغىيتتى، خەپ رەيھان كاسكا قانجۇق، سەن كاشىشۋەرمىگەن بولساڭ بۇ دۇنيا... مانا ئەمدى ماۋۇ قارا يەكچەشمىنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلدايدىغان گەپ... كىم بىلىدۇ، بۇ قىزىل كۆز ئوغرى قانچىلىك بۆلۈپ بېرىدۇ...

— ئارقاڭغا قارىما ئاكا، چاندۇرۇپ قويىسەن... — دېدى قارا يىگىت خۇددى ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك، سېيىتقا قارىماي، - كېچىدىن نېمە چۈش كۆرگەنتىڭ پاھ... پاھ ئەجەب يۈلۈقتا...

— شاپتۇل يەپ، - دېدى سېيىت گويا بۇ ئامەت ئۆزىنىڭ خاسىيەتلىك چۈشىدىن كەلگەندەك كۆرەڭلەپ. ئەسلىدە ئۇ كونىلارنىڭ: « ئەر ئۆمرىدە ئېشەك مىنىپ

چۇش كۆرمەس» دېگەن ماقالىسىنى ئېسىگە ئېلىپ «ئېشەك مىنىپ» دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن بىر زىيالىنىڭ چۇشىدە ئېشەك مىنىپ يۇرۇشى سەتچىلىك دەپ نومۇس قىلدى بولغاي، «شاپتۇل يەپ چۇش كۆرسىمۇ ياخشىلىقتىن بىشارەت» دېگەن ئوي كۆڭلىگە كەلگەنىدى.

ــ قارا، ئاكا، مېنىڭ مۇنۇ كۆزۈم قارىغۇ، ئۆزۈمنىڭ ئىش ئورنۇم يوق، ــ دېدى يەكچەشمە شىۋىرغاندا دۇگدەيگىنىچە يەرگە قاراپ، ــ بۇنى بۇگۇن خۇدايىم بەردى دېگىنە...

ــ نەگە بارىمىز؟ ــ دېدى سېيىت تۇيۇقسىز كەلگەن ئامەتتىن تىترەپ، ــ بولسا بىرەر ئاشخانىغا...

ــ يۇرتداش!...

ئۇلار تېخى ئەللىك قەدەممۇ ماڭمىغانىدى. ئارقىدىن يۇگۇرۇپ كەلگەن ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر خەنزۇ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. خەنزۇنىڭ قولىدا كونا قارا سومكا بولۇپ، كىيىمى يېلىڭ ئىدى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ چوققىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان كونا، كۇلگە پۇچىلىغانىدەك مەينەت شەپكىسىنىڭ چۆرىسىدىن ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرى دىڭگىيىپ تۇراتتى. سوغۇقتىن دۇگدىيىپ يىغلامسىراپ تۇرغان بۇ خەنزۇنىڭ چىرايىدىن بىچارىلىك، ئامالسىزلىق، ئاچچىق بىر تەقەززا چىقىپ تۇراتتى.

ــ يۇرتداش، ــ دېدى ئۇ يىغلامسىراپ، ــ سۇلياۋغا ئورالغان بىر نەرسە ھەر قايسىڭلارغا يولۇقتىمىكى...

ــ نېمىتتى ئۇ؟ ــ دېدى يەكچەشمە بوراندا ۋارقىراپ.

ــ پۇلتى!... بەش مىڭ يۈەن نەقپۇل، يۈز ئامېرىكا دوللىرى...

ــ ھەي... بول چاپسان، قوغلا، ھازىرلا بىر كىچىك بالا قاردىن كاللەك بىر نەرسىنى ئېلىپ مۇشۇ تەرەپكە كەتتى.

ــ رەھمەت... رەھمەت... سىلەر ياخشى ئادەملەر كەنسىلەر، ــ خەنزۇ دۇگدىيىپ، مۆكچىيىپ يۇگۇرەپ كەتتى. سېيىت «ئۇھ» دەپ يېنىك تىندى. يەكچەشمە بولسا «ئاپلا كۆرمىدۇق» دېسەكلا بوپتىكەن دەپ غۇدۇڭشىدى.

سېيىت بىلەن يەكچەشمە خۇددى چاندۇرمىغانىدەك يولغا راۋان بولۇشتى، يولدا يولۇچىلار شالاڭ ئىدى.

ــ ۋاي، ۋاي ئاكا گەپ قىلما، ــ دېدى يەكچەشمە تىترەپ، ــ شاپتۇل يەپ ياخشى چۇش كۆرۇپتىكەنسەن. ئەگەر ياڭاق يەپ چۇش كۆرگەن بولساڭ بىر كىم بىلەن سوقۇشۇپ قالاتتىڭ دېگىنە... بەش مىڭ يۈەن نەقپۇل، يۈز ئامېرىكا دوللىرى... تەڭ بۆلۇشىمىز، لېكىن مەن يۈز سوم ئارتۇق ئالىمەن، رازى بولارسەن؟...

ــ بوپتۇ ئال ئۇكا، ئال...

سېيىت كۆڭلىدە ئۆزىگە تېگىدىغان پۇلنىڭ سانىنى ئالىقاچان چىقىرىپ بولدى. ئىككى مىڭ تۆت يۈز يۈەن نەقپۇل، ئەللىك ئامېرىكا دوللىرىنى ھازىر بازاردا تۆت يۈز سومغا ساتقىلى بولىدۇ. جەمئىي ئىككى مىڭ سەككىز يۈز سوم... ئاز پۇل ئەمەس، ئاز پۇل ئەمەس...

ئۇلار قەدەملىرىنى تېزلىتىپ يۈز قەدەمدەك ماڭغىنىدا ھېلىقى خەنزۇ ئۇستىباشلىرى ئاپئاق قار ھالدا ھاسىراپ ــ ھۆمىدەپ يۇگۇرۇپ كەلدىدە، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ يىغلىۋەتتى.

ــ مەن ئۇ بالىنىڭ قايسى كوچىغا كىرىپ كەتكىنىنى بىلەلمەي قالدىم... ھەم ئۇنى تونۇمايدىكەنمەن... بۇ... بۇ... كار-

www.uyghurkitap.com

خالىنىڭ پۇلى ئىدى. ماڭا بىر ياخشىلىق
قىلىپ شۇ بالىنى كۆرسىتىپ قويساڭلار…
ئەڭ بولمىسا پۇلنىڭ يىتكەنلىكىگە بىرەر
ئىسپات يېزىپ بەرسەڭلار ، بولمىسا مې…
مېنى ئوغرىلىدى دەيدۇ… ھى… ھى…

— ئەستاغپىرۇللا ماۋۇ كاپىرنىڭ چاپ-
لاشقىنىنى، - دېدى يەكچەشمە جىلە بو-
لۇپ، - بوپتۇ، سەن ئاۋۇ دوقمۇشتا تۇ-
رۇپ تۇر. مەن دادامنى يولنىڭ ئۇ چې-
تىگە ئۆتكۈزۈۋېتىپ ھېلىقى كىچىك بالا
كىرىپ كەتكەن كوچىنى كۆرسىتىپ قوياي…

سېيىت يەكچەشمىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن
ئوقىدى. ھەر نېمە بولسا سېيىتنى « دا-
دام » دەپ چاندۇرمىدى. يەكچەشمە سې-
يىتنى يولنىڭ ئۇ چېتىگە ئۆتكۈزۈۋېتىپ
قوش مۇشتەك كاللەك پۇلنى چاندۇرماي
سېيىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە « تېز… »
دەپ پىچىرلىدى. سېيىتمۇ چاققانلىق بى-
لەن پەلتۇنىڭ ئىچ يانچۇقىغا كەپلەپ
تىقىۋەتتى.

— ئەمىسە ئاكا، مەن بۇ كاپىرنى تاكسى-
غا سېلىپ بىرەر تار كوچىغا ئەكىرىپ ئاز-
غاشتۇرۇۋېتىپ كېلەي، - دېدى يەكچەشمە
پىچىرلاپ، - يېنىڭدا پۇل بولسا بېرىپ
تۇرغىن، كېيىن ھېسابلىشىمىز…

— بار… بار… ئاۋۇ خەنزۇ كۆرۈپ قال-
مىسۇن، - سېيىت شادلىق ئىلكىدە گاڭگى-
راپ قالدى بولغاي، يېنىدىكى ئۈچ يۈز
ئەللىك سومنى چىقاردى، - ئەللىك سوم
يېتەمدۇ؟…

— ھەممىنى بېرىپ تۇر ئاكا، - پىچىر-
لىدى يەكچەشمە، - مەن ساڭا ئېشىنىپ
ئاۋۇنى تۇتقۇزۇپ قويدۇم. مەن كەلگۈچە
ئالدىمىزدىكى چوڭ ماگىزىن يېنىدا مېنى
ساقلاپ تۇر، كېتىپ قالما جۇمۇ… كېتىپ
قالساڭ بولمايدۇ…

يەكچەشمە ئۈچ يۈز ئەللىك سومنى ئې-
لىپ ئىككى قەدەم ماڭدى - دە، يەنە قاي-
تىپ كەلدى.

— بولمايدۇ ئاكا، ئاۋۇنى يەنىلا ئۆزۈم
ساقلاي، سەن مېنى ماگىزىن ئالدىدا كۈت،
ئال بۇ پۇلۇڭنى…

— بۇنداقتا قانداق بولىدۇ، - سېيىت
جىددىيلىشىپ قالدى، - سەن ماڭا ئىشەن-
مەيۋاتامسەن… بىلىپ قوي، مەن دېگەن
چوڭ كادىر، ياخشى نىيەتلىك پاك ئادەم-
مەن…

— ئەمىسە سائىتىڭنى بېرىپ تۇر…

— مانا ئال، - سېيىت سائىتىنى چىقى-
رىپ بەردى.

— ئەمىسە ئاكا، كېتىپ قالما جۇمۇ، مەن
ساڭا ئىشىنىپ…، ھە راست، قەلىمىڭنى بې-
رىپ تۇر، ئىسپات يېزىپ بەر دېسە يېزىپ
بەرمەمدىم.

يەكچەشمە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەتتى.
سېيىت « ئۇھ » دەپ يېنىك تىن ئالدى-
دە، ئىچىدە « ۋوي يەكچەشمە دەلتى، تېخى
پۇل مەندە تۇرسۇن دەيدا. ئۇنىڭدا
مېنى ماگىزىن ئالدىدا قاراۋۇللۇق
قىل دېمەكچىمىدىڭ، قېنى ئۆزۈڭنىڭ
ئەمدى تۆت پۇتلاپ كەلمىگىنىڭنى كۆرەي»
دەپ تىللىدى. سېيىتنىڭ پۇتلىرى گويا
قاناتقا ئايلانغاندەك تېز كېتىپ باراتتى.
دوقمۇشتىكى چوڭ ماگىزىن ئالدىغىمۇ كې-
لىپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە «قۇيرۇقنى تىك-
ۋېتەيمۇ» دەپمۇ ئويلىدى. لېكىن بۇ ئويى-
غا دەرھال قارشى چىقتى. چۈنكى شەھەر-
نىڭ لوكچەكلىرى ناھايىتى يامان، ئۇنى
ئىزلەپ يۈرۈپ تاپىدۇ. تاپالمىغان ھالەت-
تىمۇ سېيىت سىرتقا چىقالماس بولۇپ،
راستىنلا كاتەكتىكى توخۇغا ئايلىنىپ قا-
لىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە يېرىمىغا شۈكرى قى-
لىپ ئوچۇق - يورۇق بۆلۈشۈش كېرەك،

.. سېيىت ماگىزىن ئالدىدا چۆگىلەپ يۈ-
رەتتى. ئۇ بارغانسېرى توڭۇپ تىترەشكە
باشلىدى. كونا پەلتۇ غەلۋىرچىلىكمۇ دال-
دا بولالمايۋاتاتتى... ئۇنىڭ ئۈچلۇق كال-
لىسىغا بىردىنلا «ھېلىقى خەنزۇ يەكچەش-
مىگە چاپلىشىۋېلىپ بىللە كەلسە قانداق
بولار» دېگەن ئوي كېلىشى يېنىدىكى كال-
لەكنى تۇتۇپ قويدى. ئاخىرى ئۇ ئۇيان
ئويلا، بۇيان ئويلا ماگىزىن ئالدىدىكى
تۆمۈر رىشاتكىلىق گۈللۈككە كۆزى چۈشۈپ
قالدى. گۈللۈك ئىچىدە قار دۆۋىلەنگەنىدى.
دى. سېيىت ئەتراپىغا بىرقارىۋېلىپچاق-
دۇرماي كاللەكنى ئالدى - دە، تۆمۈر رى-
شاتكا ئاستىدىكى قارغا چىقىپ، رىشاتكا
بالدىقىنى سانايچىقتى. توغرا، پۇل ئون
بىرىنچى بالداق ئاستىغا كۆمۈلگەنىدى.
ئۇ خاتىرجەم بولۇپ، ئون نەچچە قەدەم
مېڭىپ ئارقىغا قارىدى. رىشاتكا تۈۋىدىكى
قالايمىقان ئاياغ ئىزلىرىنى كۆرۈپ يەنە
قايتىپ كەلدى - دە، ئايىغى بىلەن ئىز-
لارنى ئۆچۈردى...

سېيىت بىر - بىرىدىن تاتلىق خىيال-
لار ئىلكىدە ماگىزىن ئەتراپىدا چۆگىلەپ
يۈرەتتى. بۇ چوڭ ماگىزىن تۆتكوچا دوق-
مۇشىدا بولغاچقا يېرىمى چوڭ يولغا قا-
رايتتى، يېرىمى بولسا يان كوچىدا ئىدى.
سېيىت ئۆزىنى ئادەتتىكى يولۇچىدەك كۆر-
سىتىپ ئۇ كوچىدىن بۇ كوچىغا ئايلىناتت-
تى، يەنە قايتىپ كېلەتتى. لېكىن يۈز، بو-
يۇنلىرىنى ھەرىدەك چېقىۋاتقان قار ئۇچ-
قۇنلىرى، ئېگەكلىرىنى كارسىلدىتىپ تىت-
رىتىۋاتقان زەھەردەك سوغۇق ئۇنىڭ شې-
رىن خىياللىرىغا توسقۇن بولالمايتتى.
«ھىم، قاقىر تۇمشۇق رەيھان، ئەمدى سا-
ڭا تاق ئۆزۈكمۇ يوق. تېخى ئاياغلىرىمغا
يىقىلىپ سەجدە قىلسەن!... قوبۇل قى-
لىش - قىلماسلىقنى ئويلىنىپ كۆرۈدى-
غان گەپ... ھى جۇپ بولسۇن دەيدا...
ۋۇي سىركول پاچاق، ساقال تاغىقى... تو-
ۋا ھېلىقى خاسىيەتنىڭ ماڭا تەگمەكچى
بولۇپ قالغىنىنى كۆرەيمۇ، ئۇنىڭ «خو-
تۇنۇم» دېگۈچىلىكى بارمۇ؟ تېخى ئىسمى-
نىڭ سەتلىكىچۇ... خا... سى... يەت... شۇمۇ
ئىسىم بوپتۇمۇ... داقيانۇستىن قالغان
ئىسىمغۇ... يېڭى زامان، يېڭى دەۋر ئىسىم-
لىرىغا يېقىنمۇ كەلمەيدۇ... ئادىلە... مۇ-
نىرە... مەھبۇبە... مانا بۇلارنى ئىسىم دې-
سە بولىدۇ... گۈلباھارچۇ؟! بۇمۇ كونا ئى-
سىم... لېكىن يامان ئەمەس... ئەمما - زە،
ئون ئالتەگراملىق ئالتۇن زەنجىر... توۋادېسە
بولىدۇ، مۇشۇ زاماننىڭ خوتۇنلىرى ياۋ-
روپا، غەرب ئەللىرىدىكى تۈكلۈك يالاڭ
پاچاق، پىستە كۆچۈكلەرنى دوراپ بوينىغا
زەنجىر باغلىۋالغىنى نېمىسى؟! بۇنى پىس-
تە كۆچۈك مەدەنىيىتى دەيمىزمۇ؟!... ئەمدى
بىز ئۆگەنمىگەن ئىتلار مەدەنىيىتى قاپتۇ-
دە! خەير بوپتۇ، ئالسام ئالاي، لېكىن گۈل-
باھارغا بىر كۆرسىتىپ قويۇپ كۆزىدىن
ئوت چىقىرىۋېتىپ قۇيرۇقىنى خادا قى-
لاي... شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ سېيىتا-
خۇننى قوغلىمىغىنىنى مەن بىر كۆرەيچۇ!...
ۋاي، ۋاي پۇتۇمنىڭ توڭلاپ كېتىۋاتقى-
نىنى قارا...

سېيىت ئىككى كوچا ئەتراپىدا چۆگى-
لەپ پۇل كۆمگەن يەردىن ئون قېتىمدەك
ئۆتتى، ھەر ئۆتكىنىدە ئون بىرىنچى بال-
داق رىشاتكا تۈۋىگە قارايتتى. لېكىن بۇ

يەردىكى ئىزلارنى ئاللىقاچان قار كۆمۈۋەتكەنىدى.

سىبىت ھىجايدى، لېكىن توختلاپ كەتكەنلىكتىن ئاغزى ۋە مەڭىز گۆشلىرى تارتىشىپ خۇددى يىغلىغاندەك چىرايى پۈرۈشۈپ كەتتى... ئاھ ئىككى مىڭ سەككىز يۈز سوم، ھېلىقى يەكچەشمىدىكى پۇلنى قوشسام ئۈچ مىڭ بىر يۈز ئەللىك سوم... مۇنداقچە ئېيتقاندا شورى قاچقان خوتۇندىن ئۈچنى يېڭىلىغىلى بولىدۇ... خۇدايىم مېنى خوتۇندىن بەختىمنى ئېيتىپتىكەن... شۇنچە خوتۇنلارنى ئالدىم، بىرەرسىمۇ چاپلىشىپ ئالمىدى... جېدەل-ماجىرا، ئاھ- ۋاھ دەپ ئاۋارىمۇ قىلمىدى... «ئاجرىشىپ كېتەيلى» دەپ بولغۇچە بوغچىسىنى قولىغا ئېلىپ بولدى. ھەتتا ئۆيدىن چىقىدىغان ۋاقتىدا قاپىقىنى تۈرۈپمۇ قويماي، گويا ھېيتلاپ كەلگەن مېھماندەك خىيالى چىقىپ كېتىشتى... لېكىنزە، ھېلىقى نىسا شەپشەك... ئۇ قانچىنچىسىتى خۇدايىم... ھە توغرا سەككىزىنچىسى بولسا كېرەك... سىبىتنى ھاقارەتلەپ: «خۇش ھەيدىۋاز غوجام، ئەمدى مايىنى قوشۇقتا كەمچىلەپ ئىشلىتىدىغان، گېگىنا، تېبىبىي ساۋات ئىلمى بويىچە ئارىلىقتا يېگىرمە سانتا قالدۇرۇپ بەدىنىنى بەدەنلىرىگە تەگكۈزمەي ياتىدىغان، چامغۇردىن باشقىسى زىيان قىلىدىغان، شورى قۇرىغاندىن بىرىنى تېپىپ ئالالا» دېگەنىدى، ۋۇي بېشەم... ھەي... ئەر كىشىنى خوتۇندىن ئېيتمىسا بىكار، بەزى ئەرلەر ئىككى-ئۈچ يىلدىمۇ ئاجرىشالماي زۇلۇم تارتىدىكەن... نېمە دېگەن بەختسىزلەر ئۇلار... چاپلىشىۋالىدىغان رودىپاي خوتۇنلار باشقا بىر بالا-قازا...

سىبىتنىڭ يۈرىكى قارتلا قىلدى-دە، تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ دائىم مىتىلداپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ماگىزىن دوقمۇشىدىن قايرىلىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۈچ كىشىگە تىكىلگەنىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى ساقچىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى... سىبىت دەرھال ئارقىغا ياندى-دە، خالتا كوچىغا كىرىپ تىكىۋەتتى... ئۇ بىر چاغدىلا تام ياقىلىرى، دەرەخ دالدىلىرى بىلەن چوڭ كوچىغا چىقتى. كوچىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. لېكىن ھېلىقى يەكچەشمىنىڭ قارىسىمۇ يوق ئىدى... تۇيۇقسىزلا سىبىتنىڭ كۆڭلىگە «ھېلىقى يەكچەشمە چوقۇم ساقچىلارغا تۇتۇلۇپ قالدى» دېگەن ئوي كېلىشى ئۇنى قورقۇنچ بېسىۋالدى. شۇڭا ئاپتوبۇس بېكىتىدە ماشىنا ساقلىغان ئادەم بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن بېكەتكە كەلدى. لېكىن بۇچاغدا ئاپتوبۇس نېمىش قىلسۇن!... ئۇ ئاخىرى خالتا كوچا دوقمۇشىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشنى، ئەگەر ساقچىنىڭ قارىسى كۆرۈنگۈدەك بولسىلا قېچىشنى لايىق تاپتى...

سىبىت بارغانسېرى جالاقلاپ تىترەپ، قۇلاقلىرى زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. شىلەپىسىدىكى قارلارنى ھېلىدىن-ھېلى قېقىپ چۈشۈرەتتى... پۇتىنى يەرگە ئۇراتتى، قۇلىقىنى ئۇۋۇلايتتى... پەلتوسىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ، پەشلىرىگە چىڭ

ئورۇنۇپ، قوللىرىنى يەڭلىرىگە كەپلەپ
تىقىپ چوڭ كوچىغا قارايتتى.

يەكچەشمە كەلمىدى... سېيىتنىڭ كۆما-
نى بارغانسېرى چىڭىدى: «ھېلىقى خەنزۇ
يەكچەشمىنى چوقۇم ساقچىغا تۇتۇپ بەر-
دى. ھازىر ئۇ سوراق قىلىنىۋاتىدۇ... ھې-
لىلا ساقچىلارنى باشلاپ كەلسە...» سېيىت
قورقىنىدىن ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتكىلى
تاسلا قالدى. ئۇ چوڭ كوچىغا راسا سەپ
سېلىۋالغانىدىن كېيىن تېز - تېز مېڭىپ
گۈللۈك يېنىغا كېلىپ ئەتراپىغا يەنە بىر
قارىۋالدى - دە، قار ئىچىگە قولىنى تې-
قىپ كاللەك «دۇنيا» نى ئالدى ۋە دەر-
ھاللا پەلتۇنىڭ ئىچ يانچۇقىغا سېلىپ
ئالدى - ئارقىغا قارىماي تىكىۋەتتى. ئۇ
بىر نەچچە خالتا كوچىلاردىن ئايلىنىپ
ئۆيىگە كەلدى. پۇلنى كۆرۈشكە، ساناشقا
جېنى ئالدىراپ كەتكەن سېيىت ئىشىكنى
ئېتىپ، كاللەك تۈگۈچنى چىقاردى ۋە چىڭ
باغلىۋېتىلگەن سۇلياۋ خالتىنى يېشىشكە
چىدىماي يىرتىپ تاشلىدى. لېكىن سېيىت
تاش ھەيكەلدەك قېتىپ قالدى... ئۇ نە-
پەس ئېلىشقىمۇ قورقاتتى... چىرايى قە-
غەزدەك ئاقىرىپ، كالپۇكلىرى تىترەپ
كەتتى... چۈنكى سۇلياۋ خالتا ئىچ-
چىدىن پۇلدەك كېسىلگەن ئىككى
باغلام كونا گېزىت قەغىزى
ئۇستەلگە تۆكۈلدى... ئىككى باغلام بوغۇل-
غان قەغەزنىڭ ئارىلىقىغا ئوتتۇرىسى
قىستۇرۇلۇپ يۆگەلگەن ئون سومluق پۇل-
مۇ كۆپەيتىش ماشىنىسىدا بېسىلغان بىر
تەرىپى ئاق قەغەز ئىدى...

سېيىت بوراندا غۇلاپ چۈشكەن پور كۆ-
تەكتەك لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى... ئۈچ
يۈز ئەللىك يۈەن (مۇنداقچە ئېيتقاندا
بىر خوتۇن)، سائەت، قەلەم قەپەزدىن بو-
شانغان قۇشتەك ئۇچۇپ كەتكەنىدى...

— ئاھ خۇدا،— شاپتۇل يەپ چۈش كۆر-
گەن سېيىت ئىڭىرىدى،— بۇ قانداق بالا-قا-
زا، نېمە تارتقۇلۇق... خەپ يەكچەشمە
ئالدامچى، ئەسلى سەن ھېلىقى تۇكباش
بىلەن بىر ئىكەنسەن-دە،... قولۇڭ قۇرۇپ كې-
تەر ئىلاھىم... ماشىنىنىڭ چاقىدا دەسسى-
لىپ ئۆلەرسەن، غايىب ئوققا ئېسىپ بو-
لارسەن!... مېنىڭدەك ياۋاش، مۆمىن ئا-
دەمنى، دىيانەتلىك، پاك ئىنسانىنى ئالدى-
غانلىقىڭ ئۈچۈن خۇدايىم سېنىڭ جازايىڭ-
نى بېرەر، ئىككىڭلا كۆزۈڭ كور بولۇپ كېتەر...

ئەگەر سېيىتنىڭ بۇ ئاھ - زارلىرى، قار-
غىش تىللىرى راستىنلا خۇدايىمغا يەت-
كەن بولسا ئۇ كۆلۈپ كېتەرمىدى ياكى
«خەيرىخاھلىق» قىلارمىدى، بۇنى بىلگىلى
بولمايدۇ...

— بولدىلا،— دېدى سېيىت يىغلامسى-
راپ،— گۈلباھار، رەيھانلار ئەسلىدىمۇ غۇسەت
ئېمەلەر ئىدى. يەنىلا شۇ خاسىيەت ياخ-
شىكەن... ئىسمىمۇ خۇيىمۇ يېقىملىق، چى-
رايلىق ئاڭلىنىدۇ... راست «خاسىيەتلىك
كۈن»، «خاسىيەتلىك باھار»، «خاسىيەتـ-
لىك بايرام» دېگەندەك ئەڭ ياخشى خاتى-
رىلىك، ئۇلۇغ كۈنلەر خاسىيەتلىك بول-
دۇ ئەمەسمۇ... پاھ... پاھ... راستىنلا خا-
سىيەتلىك خوتۇن...«خا... سى ... يەت...»

# تەقدىر

( ھېكايە )

ئابلىز ئابدىلىم

مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم مۇشۇ
كوچىدا، ئەنە ئاۋۇ دوقمۇشتا كۆرۈشكەن. ئۇ
چاغدا مەن تېخى ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا
قەدەم تاشلىغان گۆدەك يىگىت ئىدىم. سىرت-
قا چىقىپ ئايلىنىش ياكى دوست-بۇرادەر-
لىرىم بىلەن ئويناپ كۈلۈش دائىملىق
ئىشىم بولسىمۇ، گۈلنەزەر ئاتلىق بۇ رە-
نانىڭ بىزنىڭ مەھەللىلىك ئىكەنلىكىنى خې-
يالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمەن. بىر كۆ-
رۈپلا ئۇنىڭ سۈزۈك چىرايى، ئۇزۇن كىر-
پىكلەر بىلەن ئورالغان قوي كۆزلىرى،
ھىلال ئايدەك ئەگمە قاشلىرى، تال - تال
قىلىپ ئۆرۈۋالغان قۇندۇزدەك چاچلىرى ...
قەلبىمنىڭ ئەڭ نازۇك يەرلىرىگىچە ئۆز
تەسىرىنى سالغانىدى . كەينى كېسىپ
ئېيتسام: «بىر كۆرۈپ كۆيۈپ قالغان» ئى-
دىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ئۇچرىشىش-
مىز كۆپەيدى. ئارام تاپساق باغلاردا سەي-
لە قىلدۇق، كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ ئەت-
راپنى تاماشا قىلدۇق. شۇ جەرياندا ئۇ-
نىڭغا كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلىپمۇ باقتىم:
— ئەي گۈلنەزەر، مۇھەببەت باغچىڭىز-
دىن سەيلىگاھ بېرەلەرسىز مۇ؟-دەپ سورى-
دىم بىر كۈنى. ئۇ ئۈندىمىدى، پەقەتشەل-
پەردەك قىزارغان چىرايىنى يەرگە قارى-
تىپ، ئاجايىپ لاتاپەت بىلەن جىملا تۇ-
راتتى. كۆڭلىدە تەكلىپىمگە قوشۇلغان
بولسىمۇ ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتاتتى.
نېمەدېگەن كەمسۆز، نېمەدېگەن تارتىنچاق-
لىق بۇ!؟ لېكىن، ئۇنىڭ مۇشۇ تۇرقى بى-
لەنمۇ جەننەتتىكى ھۆر قىزلارغا ھۆكۈم-
ران بولالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل
ئىدى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ مۇشۇنداق تۇ-
رۇۋېلىشى ماڭا تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلات-
تى. ئەپسۇسكى، ئۇ بۇنىڭغا يارىشا ماڭا
ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمايتتى.

شۇ تەرىقىدە ئارىدىن بىر يىلدەك ۋا-
قىت ئۆتۈپ كەتتى. بىز ئاڭغىچە بىر قان-
چە قېتىم كۆرۈشۈپ، بىللە تاماشا قىلدۇق.
بىكار چاغلاردا يايلاققا بېرىپ ئۇنىڭ قوي-
لىرىنى بېقىشىپ بېرەتتىم ، ئۆيىدىن ئېلى-
ۋالغان ھەر خىل كىتابلارنى ئوقۇپ بې-
رەتتىم، ئۇ بەزىدە كۈلۈپ كەتسە، بەزىدە
ھېكايىلەردىن تەسىرلىنىپ كۆز چانا قلى-
رىنى ئۈنسىز ياشلايتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ
كىرپىكلىرىگە ئىلىنىپ قالغان كىچىك ياش
تامچىسىمۇ ماڭا خۇددى گۈل بەرگىدىكى
شەبنەمدەك بىلىنەتتى. لېكىن، نېمە ئۈ-
چۈندۇر شۇنچە ئازاب چېكىپ يۈرگىنىمنى
بىلىپ تۇرۇپ، تىل فونتانىدىن بىرەر
چاچراتمىنى چىقىرىپ قويمىغىنىغا قاتتىق
ئۆكۈنەتتىم. ئەمما، قاتتىقراق گەپ قىلىپ
قويسام ئۇنىڭ پىروزىدەك سۈزۈك چىرايى-
غا خاپىلىق داغلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى-
دىن ئەنسىرەپ ئۆزۈمنىلا جىملايتتىم. ھەر
ھەر قاچان «ئۇ مېنىڭكى» دەيدىغان يوقال-
ماس پىكىر كۆڭلۈمنىڭ تۆرىدىن تارتىپ
تىلىمىنىڭ ئۇچىغىچە دولقۇنلىنىپ تۇرات-
تى. ئۇلۇغ خۇدا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئار-
زۇ گۈللىرىمنى چېچەك ئاچقۇزىدۇ، - دەپ

ئۆيلىغىنىم ئويلىغان ئىدى.
تەقدىرنىڭ ماڭا ئاتا قىلغىنى نېمىدۇ؟ـ
گۈلنەزەر بىلەن يۈرگەن چاغلار بىر يېرىم
يىلدىن كېيىن ئۈشتۈمتۈت توختاپ قالـ
دى. دادامنىڭ خىزمەت ئورنىنىڭ يۆتـ
كىلىشى تۈپەيلىدىن ئائىلىمىزدىكىلەر كۆـ
چۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇ كۈنى بىز ئاـ
خىرقى قېتىم ئۇچراشتۇق. جۇدالىق ياشـ
لىرىمىز تەڭلا ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ باغرىمـ
غا ئۆزىنى تاشلاپ ئېسەدەپ يىغلايتتى.

ــ گۈلنەزەر،... ئەزىزىم، ــ دەيتتىم مىـ
شىلداپ تۇرۇپ، ــ بولدى يىغلىماڭ، قارـ
دەك كۆڭلىڭىزنى داغلىماڭ، كۈنلەرنىڭ
بىرىدە يەنە بىرگە بولالايمىز!

ئۇ كۆز قىيمىغان ھالدا بىر دەستە ياـ
ۋا گۈلنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. بىز چەكسىز
ھەسرەتكە پاتقان يىغا ـ زارە ئىچىدە ئايـ
رىلدۇق. تاكى ئۆيگە كەلگۈچە كۆز يېشىم
قۇرىمىدى. ئۇمۇ مەن يىراقلاشقىچە ئورـ
نىدىن قوزغالماي قولىنى پۇلاڭلىتىپ تۇـ
راتتى، شۇ چاغدىمۇ پەقەت ئۇندىمەي ئۈنـ
سىز ياش تۆكەتتى...

ئارىدىن توپتوغرا قىرىق يىل ۋاقىت
ئۆتۈپ كەتتى. نەۋرەم دىلرەبامۇ چۇڭۇلـ
داپ سۆزلىيەلەيدىغان بولدى. مانا مۇـ
شۇنداق ئۇزاق يىللاردىن كېيىن يەنە ئاۋـ
ۋالقى يۇرتۇم ــ گۈلنەزەرنىڭ مەھەللىسىگە
دەم ئېلىش بىلەن قايتىپ كەلدىم. ئىلـ
گىرىكى كوچىلار، باغلار، ئېتىزلار... نىڭ
ھەممىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپتۇ. شۇنداقـ
تىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشـ
قان كوچىنى ئوڭايلا تونۇۋالدىم. بۇ يەرـ
گە كەلگەندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇـ
نى يوقلاش ئۈچۈن نەۋرەمنى ئەگەشتۈرۈپ
يولغا چىقتىم. توۋا، ئۇمۇ كىچىك بىر
ئوغۇل بالىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.
گەرچە ئۇ مۆكچىيىپ قالغان، چاچلىرى
قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا
چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇ مېنى كۆرگەندىن
كېيىن بىر ھازا چىرايىمغا تىكىلىپ تۇرـ
دى. ئىككىمىز خېلى ئۇزاققىچە ھاياجىنـ
ىمىزنى باسالماي كۆز يېشى قىلىشتۇق. مەن
تىنچلىق سوراپ بولغاندىن كېيىن ئۇـ
نىڭغا ئالغان سوۋغا ـ سالاملىرىمنى بەرـ
دىم. شۇ چاغدىمۇ ئۇ بىرەر ئېغىز سۆز قىلـ
مىدى. پەقەت ھاياجان يېشى قاپلىغان
كۆزلىرىدە بىر خىل رازىمەنلىك ئوتلىرى
ئۇچقۇن چاچرىتىپ تۇراتتى. ئۇ نەۋرىسىـ
نى تارتىپ قول ئىشارىسى بىلەن بىر نېـ
مىلەرنى دېدى. بالا ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېـ
لىپ چۇڭۇلداپ كەتتى:

ــ بوۋا، مومام سىزنى بىزنىڭ ئۆيگە باـ
رايلى ـ دەيدۇ، ـ مەن بالىنى قۇچىقىمغا
ئېلىپ سۆيۈپ قويدۇم. قارىسام دىلرابامۇ
ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەپ تۇرۇپتۇ. بىز
بىر ـ بىرىمىزگە مەنىلىك قارىشىۋالدۇق،
مەن ئۇنىڭ بىلەن يەنە كۆرۈشىدىغانلىـ
قىمنى ئېيتىپ خوشلىشىپ كەينىمگە يانـ
دىم، مۇشۇ چاغدىلا ئۇنىڭ پۈتۈن گەپـ
سۆزلىرىنىڭ قول ئىشارىسى بىلەن بولۇـ
ۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ تىلسىز ئىكەنلىكىنى
بىلدىم.

مەن نەۋرەمنى ئەگەشتۈرۈپ يولدا كېـ
تىپ بارىمەن، كۆڭلۈمدە بىر خىيال كەچـ
مەكتە: مەن ۋاپاسىزلىق قىلمىدىم، ئۇمۇ
شۇنداق، پەقەت تەقدىر، رەھىمسىز يىللار
بىزگە ۋاپاسىزلىق قىلدى، لېكىن بىزنىڭ
قەلبىمىز پۈتۈنلەي ۋاپا بىلەن تولغان!...
خىيالەن بىلىۋاتىمەن. شۇ تاپتا ئۇمۇ مۇـ
شۇنداق خىيال ئىلكىدە كېتىپ بارغاندۇ!...

# ئىككى ھېكايە

## تۇرسۇنتوختى سۇلايمان

## تۇمان

تاڭ سەھەر. تۇمان ئىنتايىن قويۇق بولغاچقا ھاۋا بەكمۇ نەم ئىدى.

مەسچىتتە مەزىننىڭ ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز باشتا بوش، ئېنىقسىز ئاڭلىنىپ، بارا ـ بارا يېقىملىق سىمفونىيىدەك لەرزان، ئېنىق جاراڭلاپ مەھەللىنى لەرزىگە سالدى. ساپ ۋە نەم ھاۋا تىترىدى. مەزىننىڭ بۇ ئاۋازى بەھەيۋەت گۈلدۈرلىگەن چاقماقتەك جىمى تىنچلىقنى، جىمجىتلىقنى ۋە ئاقۇش قويۇق تۇماننى رەھىمسىزلىك بىلەن ئاياغ-ئاستى قىلدى.

مەھەللىدىكى كىشىلەر چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىشتى. ئۇلار ساپما كەشلىرىنى شىپىرلىتىپ سۆرىگىنىچە ھاجەتخانىغا يۈگۈرۈشتى. كېچىچە گاللىرىغا يىغىلىپ قالغان خەپرۇكنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئاۋازلىق يۆتىلىشتى. بامدات نامىزى ئۈچۈن تەييارلىنىپ ئالدىرىشىپ، مەسچىتكە سەلدەك ئېقىشتى. تاڭ ئالدىدىكى بىردەملىك جىمجىتلىق مەسچىتتىكى مەزىننىڭ ئاۋازى بىلەن پۈتۈنلەي بۇزۇلدى.

بۇرۇنراق كېلىپ، ئىككى رەكەت سۈننەت نامىزىنى ئۆتەپ بولغان ئەللىكتەك جامائەت، غۇۋا يورۇقلۇق ئىچىدە، ناماز ۋاقتى بولغۇچە ئىمامنىڭ پەندى ـ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماقتا ئىدى:

— خۇدا، ئۇ ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ياراتقۇچى، ئۇنىڭ قۇدرىتىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. پانىي ئالەمدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نەزەرى بىلەن بولىدۇ، ـ دېدى. ئۇ جامائەتكە سۆزۈمنى ئاڭلاۋاتامدۇ ـ يوق؟ دېگەندەك تەكشى نەزەر سېلىپ، كۆڭلىنى ئىمىن تاپقۇزۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ـ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىرسى مۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ: تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر دېھقان بۇغداي ئورۇۋاتقۇدەك، پەيغەمبىرىمىز قاراپ تۇرسا، ھېلىقى كىشى بۇغدايىنىڭ راسا باراقسانلاپ، ئەمدىلەتىن دان تۇتاي دەپ كەلگىنىنىمۇ، پىشاي دەپ كەلگەن خېمىنىمۇ، ۋايىغا يەتكەن پىشقىنىمۇ، ئورۇش ۋاقتى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن، دانلىرى قۇيۇلۇپ ھېچنېمىسى قالمىغان پاخالنىمۇ بىرنى قويماي ئورۇۋاتقۇدەك. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى پەيغەمبىرىمىز ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى پەيغەمبەر ئاللانىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىغانىكەن، ئاللاتائالا:

— ئۆلۈم دېگەن كىچىككىنىمۇ بار، چوڭىمۇ بار، ئاغرىقىمۇ بار، ساقىمۇ بار، ئۇنىڭدىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ، ـ دەپ تەبىر بېرىپتۇ...

مۇڭ باسقان كۆزلەر ئىمامغا ئىنتائەتمەنلىك بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. ئىمام ئادەت بويىچە ھەر جۈملە سۆزنى دانىمۇ دانە باشلىدى:

— جامائەت، ئاللاتائالا «يارىتىشتا مەن ياراتتىم، يارىلىشتا ئۆزۈڭدىن» دېگەن. بىز خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئاپىرىدە بولدۇق، يەنە خۇدانىڭ قۇدرىتى

بىلەن ئۆلۆپ تۆگەيمىز. ئىنسان بۇ دۇنيا
ئۈچۈن مېھمان. شۇڭا بىز ھەمىشە ياشى-
شىمىز زۆرۈردۇر... بىر مۆمىن چاڭقىغان
يەنە بىر مۆمىنگە سۇ بېرىپ، ئۇنىڭ تەش-
نالىقىنى قاندۇرسا، قىيامەت كۈنى ئاللا
ئاغزى پېچەتلەنگەن ساپ شاراب بىلەن
ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدۇ. بىر مۆ-
مىن ئاچ قالغان يەنە بىر مۆمىننى غىزا-
لاندۇرسا، ئاللا ئۇنى جەننەتنىڭ خاسىيەت-
لىك مېۋىلىرى بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدۇ. بىر
مۆمىن يالىڭاچ قالغان باشقا بىر مۆمىن-
گە كىيىم - كېچەك بەرسە، ئاللا ئۇنى جەن-
نەتنىڭ يېشىللىقلىرى بىلەن پۈركەيدۇ...

دەل شۇ چاغدا مەسچىت مەزىنىنىڭ نا-
ماز بامداتقا چۇشۇرگەن تەكبىرى تىم-
تاسلىققا چۆككەن مەسچىت ئىچىنى داۋال-
غۇتۇپ، ئىمامنىڭ ئۇلۇغ ۋەز-نەسىھەتلى-
رىنىڭ بېلىگە تېپىپ، جامائەتنى ئۇۋۇس-
غا سۇ كىرىپ كەتكەن چۈمۈلىلەردەك ئۆرە-
تۆپە قىلىۋەتتى.

بامدات نامىزىنى دەل ۋاقتىدا ئۆتەپ،
خۇدانىڭ بىر ۋاخلىق پەرھىزىنى كۆڭۈل-
دىكىدەك ئادا قىلىۋالغان جامائەت ئى-
مام بىلەن مەزىنىنىڭ باشچىلىقىدا يۇقىرى
مەھەللىگە چاقىرتىلغان نەزىرىگە، ئاسفالت-
لىق ماي يولىدا توپلىشىپ، ئىمامنىڭ تۈ-
گىمەس ۋەز - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سال-
غاچ كېتىپ باراتتى.

— ئاللاتائالا شۇنداق ئېيتىدۇكى، مې-
يىتكە ئۈچ نەرسە ئەگىشىپ بارىدۇ، ئۇلار-
دىن ئىككىسى گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كې-
لىدۇ. بىرسى ئۇنىڭ بىلەن قېپقالىدۇ. ئۇ-
نىڭ بالا - چاقىسى، مال - دۇنياسى ۋە
ئەمەل-مەنسىپى ئەگىشىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ
بالا - چاقىسى بىلەن مال دۇنياسى قاي-
تىپ كېلىدۇ. ئەمەلى ئۇنىڭ بىلەن قېپ-
قالىدۇ...!

پۈتۈن ئەتراپ قويۇق تۇمان، ۋاقىت
خېلى بىر يەرگە بارغان بولسىمۇ تۇمان
تېخى تارقىماي كەتمىگەنىدى.

ئىمام باشچىلىقىدىكى جامائەت نەزىرى-
دىن يېنىپ، يېرىم يولغا كەلگەندە ئاندى-
سى بىلەن قاياققىدۇر بىر يەرگە ماڭغان
ئىمامنىڭ بەش ياشلىق نەۋرىسى بوۋى-
سىنى كۆرۈپ، يولنىڭ قارشى تەرىپىدىن:

— بوۋا!...— دېگىنىچە بېلىقتەك پىلتىڭ-
لاپ يۈگۈرۈپ كەلدى. بەش - ئالتە مېتىر
يىراقلىقتىن ئۈچقاندەك كېلىۋاتقان يۈك
ماشىنىسىنى كۆرگەن ئىمامنىڭ پەيزى ئاپ-
تاپتا يوقالغان تۇماندەك بىراقلا يوقال-
دى. شۇ ھامان كۆزى قاراڭغۇلىشىپ بار
ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— هاي، توختا...!

قۇيۇندەك كەلگەن يۈك ماشىنىسى كۈچ-
لۈك تورموز بىلەن ئىمامنىڭ يۈرەك پا-
رىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئون نەچچە مېتىر
يىراققا بېرىپ توختىدى. جامائەت گۈر-
رىدە كېلىپ، ئىمامنىڭ نەۋرىسىنى ئورى-
ۋالدى. بالىنىڭ بېشى ئېزىلىپ، نەپسى
ئاللىقاچان توختاپ قالغانىدى. ئىمامغا
خۇددى پۈتكۈل دۇنيا ھەش - پەش دې-
گۈچىلا گۆرۈستان جىمجىتلىقى ئىچىدە قال-
غاندەك، يۈرەكلەر سوقۇشتىن، ئادەملەر
مېڭىشتىن، چاقلار ئايلىنىشتىن... پۈت-
كۈل دۇنيا بىردىنلا ھاياتلىقتىن، ھەرى-
كەتتىن توختاپ قالغاندەك بىلىندى.

كۆزىگە غەزەپ ۋە جۇدالىقتىن قان تول-
غان ئىمام كابىنكىدىن چۈشۈپ قورقۇنچ-
تىن يۈرىكى چىقىپ كېتىپ، قارانچۇقتەك
تۇرغان شوپۇرنىڭ ياقىسىدىن قاماللىدى:

— س... سەن؟!...— ئىمام نەپسىنى رۇس-
لىيالماي ۋاتقان بولسىمۇ ئاخىرى مۇشۇ

گەپنى قىلالىدى. جامائەت ئىمامنى تو-
سۇۋېلىپ تەسەللىي بېرىشكە باشلىدى:
— سەۋر قىلىسىلا ئىمام، ئاچچىقلىرى-
دىن يانسىلا، خۇدا ھەممىگە قادىر، ئۇنىڭ
قۇدرىتىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، ئۆلۈم دېگەن
كېچىككىسمۇ، قېرىغىسمۇ...
— سەۋر قىلىسىلا، سەۋر، سەۋرنىڭ تېگى
ئالتۇن ئەمەسمۇ؟ بۇنى سورايدىغان ھۆ-
كۈمەتنىڭ قانۇن دەيدىغان ئادىل تارازى-
سى بارغۇ؟...
— ئاچچىقلىرىدىن يانسىلا، ئۆزلىرى-
نى تۇتۇۋالسىلا...
ئىمامنىڭ پەيلى ئىسسىقنى كۆرگەن قا-
دى ياغدەك ئېرىپ، شوپۇرنىڭ ياقىسىدىن
بۈركۈتتەك قاماللىۋالغان قولىنى ئېسىگە
بىر ئىش كەلگەندەك بوشاتتى ــ دە، ئۇ-
لۇغ تىنىپ، يىراقتىن سوزۇلۇپ ياتقان چې-
كى يوق ئاسفالت يولنى قاپلاپ تۇرغان
نېپىز تۇماندەك جىممىدە تۇرۇپ قالدى.

## مىراس

1

قويچى جەمەتىدىكى بەش ئۇرۇق-تۇغ-
قانغا ئاتا-ئانىسىدىن پۇلغا يارىغۇدەك
بىساتتىن پەقەت تۆت تۈپ قېرى ياڭاق
دەرىخىلا مىراس بولۇپ قالدى.

2

بەش ئۇرۇق ــ تۇغقان ھەر يىلى كۈزدە
تۆت تۈپ قېرى ياڭاق دەرىخىنىڭ ئاستىغا
جەم بولۇپ، كىچىكرەك بولسىمۇ بىرەر جا-
نىۋارنى قان قىلىپ، نەزىر-چىراغ قىلى-
شىپ، ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ياتىدىغان جا-
يىنىڭ «جەننەت» تە بولۇشىنى تىلەپ
دۇئا ــ تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، ياڭاق-
نى قېقىپ، مېۋىسىنى جۇغلاپ، ئايرىپ، بۆ-
لۈشۈپ، ئۆز قورساقلىرىدا ئايرىم چوت
سوقۇشۇپ تارقىلىشاتتى.

3

«بەشتە ياخشى يېزا قۇرۇش» مەزگىلى-
دە، قويچى جەمەتىنىڭ بىردىنبىر
مىراسى بولغان تۆت تۈپ قېرى ياڭاق
دەرىخى تېرىلغۇ يەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسى-
دا بولغاچقا، يىلتىزى بىلەن چىقىرىۋېتى-
ىشكە توغرا كەلدى.

4

ياڭاق چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن تې-
رىقتەك چېچىلىپ كەتكەن بەش ئۇرۇق-
تۇغقان بىر سائەت ئىچىدىلا ياڭاق تۈ-
ۋىگە جەم بولۇپ، بۇ ئاتا ــ ئانىسىدىن
قالغان ئەڭ ئاخىرقى مىراسنى ئادىللىق
بىلەن بۆلۈشمەكچى بولدى.

5

بىر كۈنلۈك تالاش ــ تارتىشتىن كېيىن
باشلىرى پىرقىراپ، گاللىرى قۇرۇپ كەتكەن
بەش ئۇرۇق ــ تۇغقان، ئەڭ ياخشىسى بۇ
مىراسنى ئېتىز ئۈستىدىلا سېتىپ چوڭىنىڭ
كىچىكىگە نىسبەتى بويىچە بۆلۈشمەكچى
بولدى.

ئۆزىگە تەئەللۇق مىراسنى نەق ئې-
لىپ «غەلىبە ناخشىسى» نى توپىلىق يول-
غا چاڭ كەلتۈرۈپ خۇشال قايتقان بەش
ئۇرۇق ــ تۇغقان ئۆزلىرىدىن نەۋرىلىرى-
گە نېمە «مىراس» بولۇپ قالىدىغانلىقى-
نى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىدى.

# ئۈچ - ئىچىمدىن كۆلكە قايناپدۇ

(غەزەللەر)

## روزى سايىت

### گۇل قىلىپ

يۈرگۈنىم، ئىستىت، كونا ئەندىزگۇل قىلىپ،
پەتىۋاچى پىتنە - ئەگكىز گۇل قىلىپ.
«ئىت ۋاپا» دەپ، ئىتنى باقسام چىشلىدى،
(«يار جاپا، سەن باقما ھەرگىز» گۇل قىلىپ).
ئۆتتى ئۆمرۈمنىڭ تېگى ناخۇش ياران،
ھەر قەدەمدە كاتتا پەرھىز گۇل قىلىپ.
يوقىنى ئىستەشتە قولۇمدىن كەتتى نەق،
قان يۇتۇپ دىل، كۆزدە ئەگىز، گۇل قىلىپ.
دەپ زىيان تارتتىمغۇ سەراپىنى دېگىز،
كۆرۈنۈپ ئاسلانمۇ يىلپىز-گۇل قىلىپ.
ئەمدى غەپلەتتىن مۇراد ھاسىل ئەمەس،
چالغىتالماس دىلنى «سىز، بىز» گۇل قىلىپ.
سۇغا چۈشكەن تاشمۇ بىر ئۈن قالدۇرار،
مەنچۇ، يوقكەن ئۇشبۇ «ئۈن، ئىز»، گۇل قىلىپ.
يۇتمىسۇن ئىمان گۇمانىنىڭ ۋەجىدىن،
نەدىكى جۇل، ئەسكى تەقرىز گۇل قىلىپ.
مەن چىگەي پوتا ئىشەنچتىن، مەيلى گەر،
ياقسا ئوت - ئىشقىنى بىر قىز گۇل قىلىپ...

### چەك قويماق كېرەك!

تۆھپىنىڭ نوتىسى ئاچسا گۈل پورەك،
ھەسەتنىڭ قۇيۇنى كولىدى ئورەك.
بىرسىدىن دىماقلار پۇرىدى ئىپار،
بىرىنىڭ غۇبارى نېمىدىن دېرەك؟
ئەي ياران، كۆزگىنە بۇ قىزىق ئىشنى،
ئۇ بىرسى جاپاكەش، بۇشۇنداق «زېرەك».
ئۇ بىرسى ئەجرىدىن مالال، بى كۈتۈم،
بۇ بىرسى ئەتىۋار تارتىسمۇ خورەك.
ئۇ بىرىنى تومۇزدا قازىدۇ كۆلنى،
بۇ بىرسى چۆمۈلۈپ سەگىتەر يۈرەك.
ئۇ بىرسى چۆللەرگە تىكىدۇ جىرىم،
بۇ بىرسى بى ئەجىر كېسىدۇ تېرەك.
ئۇ بىرسى قويلارنىڭ غېمىدە چوپان،
بۇ بىرسى مال باقماي چاينار ياغ-بۆرەك.
نېمىشقا، نېمىشقا بىرسى ئويۇنچى،
بىرسىنىڭ ماڭلىيى تاش تېگىپ ھۆررەك؟
شۇڭقارنىڭ ئوۋىدىن نەپلەنسە تايغان،
بولامدۇ، بۇ ھالغا چەك قويماق كېرەك!

### سەن تېخى بۇ ھالغا قالمىدىڭ، ئەمما ...

قەيەردە نادانىڭ ئىززىتى خانچە،
خانلىقنىڭ راۋاجى بولمايدۇ ئانچە.
قويسا خان غەپلەتنىڭ ياستۇقىغا باش،
زېرەكلەر قەۋمىگە باقىدۇ يانچە.
ئېشەرەتخور بولسا خان خازانە قۇرۇق،
باجگىرى قامچىنى شىلتىسۇن قانچە.
بۇ ھالدا يۇرت خاراب، پۇقرامۇ بىباش،
ئەجىر-تەر نەپ بەرمەس، يىلدا بىرنانچە.
سېنى خان دېمىدىم، نادان دېمىدىم،
مەرتىۋەڭ يەتكۈچە - «پوكۇن-پالان»چە.

www.uyghurkitap.com



ئېپىك بار، كېپىك بار، چالساڭ دېپىڭ بار،
جايىڭ بار نىھايەت تۆردە ئالقانچە.
بەزىدە ئۆزۈڭنى چاغلايسەن قالتىس،
ئاۋامنى كۆرۈسەن ھۆكۈز، ساپانچە.
شان بەرگەن، نان بەرگەن، جەۋلان بەرگەننى
ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويىما ئاسانچە.
ئەقلىڭنى قىلدى كىم شۆھرىتىڭگە يەم،
بىلىپ قوي، كىبىرىڭ بولسۇن ئاسمانچە؛
قەھرىنىڭ بورىنى سوقىدۇ بەرھەق،
ئۇ چاغدا، جايىڭ ھالاك — پۈتى تايغانچە.
سەن تېخى ئۇ ھالغا قالمىدىڭ، قالما،
ۋە لېكىن ھېزى بول، ياشا ئىنسانچە.
ھالىڭغا ھال، مۇڭغا مۇڭ بولغىن، راۋاج تاپ،
شۇندىلا چاقۇڭدا قالماس «ھاۋانچە»!

## دېمىدىم بۇ سۆزنى قارىسىغىلا

مەرىپەت تەرەققىي تاپمىغان ماكان،
بەئەينى يېقىلغان خارابە قورغان.
ئۇ يەردە چاشقانلار تۈزىدۇ سورۇن،
بۇلبۇلنىڭ ئورنىدا ھۇقۇش غەزەلخان.
ئۇ جايدا ھۆپۈپتىن تاج يۇلسا سۇندۇك،
تۈلكىلەر يولۋاسقا بولىدۇ خاقان.
«يورغىلاش ماھىرى مەن!» دەيدۇ قاغا،
كەكلىكنىڭ مېڭىشى مودىدىن قالغان.
شۇڭقارنى ئوۋ قىلىپ يۇرسە گۈزگىنەك،
ھۆرپەيگەك توشقانغا مۇلازىم تايغان.
مەرىپەت چېكىنسە، تارىخ ئۆكۈنسە،
كىشنەيدۇ قىرچاڭغۇ، تۇلپاردا پىغان.
ئىلىم - پەن ئەھلى خار بولىدۇ ئۇ چاغ،
نادانلار سەللىنى يۆگەيدۇ يوغان.
ئەقىلغا غاپىللىق تاشلايدۇ يۈگەن،
تەپەككۇر جىسمىنى قاپلايدۇ سوغان.①
دېمىدىم بۇ سۆزنى قارىسىغىلا،
يېقىندا، ئاھ، شۇنداق بىر زامان بولغان.
« ئۆرتە ! چاق ! … » غەۋغاسى كەلكۈن-
دەك يامراپ،
گۈلزارنى لاي بېسىپ، بۇزۇلغان توغان.
تەلىيىڭ ئوڭ سېنىڭ ، مەرىپەت ئازاد،
سۆي ئۇنى ئەي ئەۋلاد، مۇرادىڭغا قان!

## ھەم - قام بولمىساق …

ئىش راۋاج تاپمايدۇ ھەم - قام② بول-
مىساق،
شان قىزى باقمايدۇ ھەم-قام بولمىساق.
دىلبىرى نۇسرەت-زەپەرنىڭ گۈل تىزىپ،
مەيدىگە تاقمايدۇ ھەم - قام بولمىساق.
بوۋىلار « ھەم - قام — ئىناق ئۆت» دەپ-
تىكەن،
تەتۈرى ئاقمايدۇ ، ھەم - قام بولمىساق.
نەچچە مىڭ يىللىق رىيازەت چوڭ ساۋاق،
دىلنى دەرد قاپلايدۇ ھەم-قام بولمىساق.
چوڭ دەرەخنى كەسلىگەن شۇ پالتىنى
ئۆز شېخى ساپلايدۇ ، ھەم-قام بولمىساق.
پىتنە - ئەگىز ، شۇم ھەسەت، تۆھمەت -
چاقا،
بىزگە تۆش چاپلايدۇ ھەم-قام بولمىساق.
بىز سەپەر پەرۋازى قىلغان كاتتا قۇش،
قۇش قانات قاقمايدۇ ھەم-قام بولمىساق.
بىز تۈمەننىڭ ئارغىماق جەڭگاھتىكى،
ئىشق بىلەن چاپمايدۇ ھەم-قام بولمىساق.
بىز گويا توپ③ زاتى نامراتلىق نىشان،
پىلتە ئوت چاقمايدۇ ھەم-قام بولمىساق.
بىز گويا كەلكۈن — « يېڭىش ! » دەپ
يامرىغان،
سۇ راۋان ئاقمايدۇ ھەم - قام بولمىساق.
بىز گويا بىر مارش زەپەرچۈن ياڭرىغان،
ئەللىگە④ ياقمايدۇ ھەم - قام بولمىساق.
ئۆم-ئىناقلىق بىزگە بولسۇن تۇغ، شۇئار،
پۇشتىمىز داتلايدۇ ھەم - قام بولمىساق!

---

① سوغان — يىرىڭلىق ياra. ② ھەم-قام — ئېجىل-ئىناق. ③ ئەللە — كىشىلەر. ④ توپ — زەمبىرەك.

## ئاۋۋي كېرەك !

غەيرىي، مەيلى ئۆز ئارا ئاۋۋي① كېرەك،
يۇتسە ئاۋۋي دىل يارا، ئاۋۋي كېرەك.
«جاننى بەر، ئاۋۋىينى ئال!» دەر كونىلار،
كۆزنى چوڭ ئاچقىن — قارا، ئاۋۋي كېرەك.
گەر بېشىڭغا كەلسە تاللاش مەزگىلى،
ئالدىغا چاپقىن دارا② — ئاۋۋي كېرەك!
بىلمىگەن ئاۋۋىينى ئىززەتتىن يىراق،
قالما ئىززەتتىن چالا ئاۋۋي كېرەك.
دەيدۇ ئەل يۈزسىزنى «قانسىز» نەقلىدە،
دەل شۇ يۈزسىزلىك بالا، ئاۋۋي كېرەك.
بۇ بالادىن قاچ ئىناۋەت كۆزلىسەڭ،
يوق بۇڭا سۇلھى - سالا، ئاۋۋي كېرەك.

ئاۋۋىينى ساقلىما قىلىق — كاتتىلىق،
ئۇ ھۆسن، ئۇ تاج - جۇلا، ئاۋۋي كېرەك.
بىلمىگەن ئاۋۋىينى بىلمەس باشقىنى،
ياخشى ئۇنداقتىن كالا، ئاۋۋي كېرەك.
كىمدە يوق نۇقسان — تۈزەتسەڭ بولدى،
بەس،
ياپما ئاۋۋىيچۈن يالا، ئاۋۋي كېرەك.
ئەھلى ئىنسانغا كېرەك نۇرغۇن نېمە،
ھەممىسىدىن ئەۋۋەلا ئاۋۋي كېرەك.
روزى، گەپدانلىقنى قوي، ئاۋۋي ئۆگەن،
سەن ئەمەس چۆچكۈن بالا③، ئاۋۋي كېرەك!

## پەلەمما

سەن ھۈنەرۋەن قاتمىغىن، ئىشقا پەلەمما،④
تامچى بولساڭ قىلما لاي، خىشقا پەلەمما.
گەر ئۆزۈڭ خارەتچىپىنداڭ چىقمىسۇن جىق،
نەقىشگەرسەن سىزما كاھىشقا پەلەمما.
كەسپى سەيپۇڭ سەن خېرىتىنى كەسمە
«شارت - شۇرت»،
«ئەن بويى»دىن ئۇلجا ئايرىشقا پەلەمما.
ياكى زەرگەرسەن ئېرىغ مالنى⑤ ئېرىغ ئەت،
ئەتمە زەردىن «پوق»نى ئايرىشقا پەلەمما.
ياكى سەن «ئوقەتچى» سۆيگۈ رەستىسىدە،
ئىستىمە مىكرىڭدە «كۆي - پىش»قا پەلەمما.

ھەر ھۈنەرنىڭ بىرپىرى بار چۆپقىتى ھەم،
ئاقمىغاي ئىش تەگسىلا چىشقا پەلەمما.
كىم بېزار بولماپتۇ ئەگرۇ - ساختىلىقتىن،
نەق سەۋەبكار بارچە قىلمىشقا پەلەمما.
تاپتى روناق كەسپىي ئەخلاقتا ھۈنەرلەر،
(«ياز»نى ئۆزگەرتتى جۇدۇن «قىش»قا
پەلەمما).
سەنمۇ روزى، تاپمىساڭ راستلىقتا
بەرىكەت،
قويغۇسى شەنىڭنى قارغىشقا پەلەمما!

## غېلىم

دوست تۇرۇپ بەختىمگە قويماڭلار غېلىم⑥
بۇ مۇراد تەختىمگە قويماڭلار غېلىم.
شۇنچە يىل سۆيگۈم نېسىدىن كۆردى رەنج،
ئەمدىكى نەقتىمگە قويماڭلار غېلىم.
داغى ھىجراندىن قۇتۇلدۇم، مەن خۇشال،
شۇ خۇشال ئەقلىمگە قويماڭلار غېلىم.
باغرىغا ئالسا ۋىسالنىڭ دىلبەرى،
دىلبەرىدم - رەببىمگە قويماڭلار غېلىم.

مەن ئۇنىڭ مېھرىگە قايتۇرسام ۋاپا،
شۇنچىلىك تەقدىمگە قويماڭلار غېلىم.
ئىچ - ئىچىمدىن كۈلكە قايناپدۇ مېنىڭ،
كۈلكىچان ئەپتىمگە قويماڭلار غېلىم.
دەپسىلەر «بىر يار تېپىپ شاشتى ئەجەب»،
بۇ ئازار قەلبىمگە، قويماڭلار غېلىم.
جامى مەي قولدا، تىلىمدا كۈي - غەزەل،
ياندا يار، بەھرىمگە قويماڭلار غېلىم.
روزىغا دوستلار كېرەك، دوستى يۆلەك،
يار - تىلەك! بەختىمگە قويماڭلار غېلىم.

---

① ئاۋۋي — ئىززەت، ھۆرمەت. ② دارا — ئۇدۇل. ③ چۆچكۈن بالا — ئەقىل تاپمىغان بالا.
④ پەلەمما — ھىيلە مىكىر. ⑤ ئېرىغ مال — پاكىز - مال - ئالتۇن. ⑥ غېلىم — ئۆكتەم.

## ئاجايىپ بازار

بۇ غەۋغايى جاھان قايناق بازار ـ رەستە،
چاپار، يۈگۈرەرجەمى جان ئۇندا بەس-بەستە.
ئۇ شۇنداق بىر بازاركى مال-تاۋارى كۆپ،
پۇتەر ئەمما كىشىنىڭ سودىسى تەستە.
ئۆمۈر خەجلەيدۇ ھەر كىم مۇددىئا كۆزلەپ،
ۋىسال، غايە، تەقەززا... تەگلا دەمبەستە.
بىرى بۇندىن مۇراد يۈكلەيدۇ نارىغا،
بىرى قايتقاي قۇرۇق قول پەيلى ھەس-ھەستە.
بىرى گۈل-غۇنچىسىز كۆز يۇمسا ھەسرەتلىك،
ئۇزار بىرسى قۇچاقتا لىقلا گۈلدەستە.
بىرىگە باقسا ئامەتنىڭ قۇشى دائىم،
بىرى قوغلار: قۇشى كۆكتە، ئۆزى پەستە.
بىرى سەرگەزگە زار تويلۇق ئۇچۇن، ئەمما،
بىرى يۈگەك ياسار زەرباپتا ، ئەتلەستە.
بىرىنىڭ بەك كۆلۈشتىن جاۋغىيى يىرتىق،
بىرىنىڭ كۆز يېشى دەريا، دىلى خەستە...
بۇ يەگىلىغ سودىغا بەر ھەققى داخىلسەن،
تۇغۇلدۇڭمۇ، تۇغۇلغان جايىغا كەتمەستە.
خۇلاسە: بۇ «بازار»دىن نا ئۈمىد قايتما،
تىردىش، شان قۇچ، قىلىپ ئۆمرۈڭنى پەيۋەستە

## پەندۇرۇپ

چاچ ئاقاردى ئۆز ـ ئۆزۈمنى پەندۇرۇپ①
ئۆتتى ئۆمرۈم ئەقلۇ ـ پەمنى پەندۇرۇپ.
قىقىراپ قىل تەگسە، خا تەگسە كۆلۈپ،
يايلىدىم، ۋاھ، تۇز قەدەمنى پەندۇرۇپ.
ئاخىرى ھۇلداپ تاپان، سانجىلدى خار،
ئەگرۇ پۇت تەشكەچكە چەمنى پەندۇرۇپ.
بەل ئېگىلدى، دىل چىگىلدى ئۇشبۇرەڭ،
گاھى «قۇددۇس»، گاھ «ھەرەم»نى پەندۇرۇپ،
يا تەمەلىك بەزمىنى تەرك ئەتمىدىم،
قىلمىدىم يا خۇش سەنەمنى، پەندۇرۇپ.
يا جانانىنىڭ بويىندىن قول تارتمىدىم،
سۆيمىدىم يا لەۋگە، تەمنى پەندۇرۇپ.
ياكى تەرىمدىن چىمەن سۇ ئىچمىدى،
كۆندە كەزدىم باغ-ئېرەمنى پەندۇرۇپ.
يا ئۆزۈمگە، يا بىراۋغا ياقمىدىم،
بى ساپالىقتا ھەلەم ② نى پەندۇرۇپ.
پەيلى ئەپىالىم شۇ بولغاچ دائىما،
مەن تىلەپ تاپتىم ئەلەمنى، پەندۇرۇپ.
بارچە كۆلگەندە پەقىر زار كۆلكىگە،
بولمىدى كەتمەككە غەمنى پەندۇرۇپ.
كەچمىشىمنى قۇرغا تىزدىم ئۆز پېتى،
نە قىلاي راستگۇي قەلەمنى پەندۇرۇپ...

## غۇلى

سەن دېدىڭ: يوق «توققۇزى تەل»جان غۇلى③
مەيلى بولسۇن ئۇ ئاۋام يا خان غۇلى.
كۆز يۇمار ئادەم دېگەن پۈتمەي كېمى،
چەرخى گەردونمۇ يېرىم جەريان غۇلى.
ھەممە ئادەم بىر خىيالغا قۇل ـ غۇلام،
شۇ غولاملىق ئىلكىدە ۋەيران غۇلى.
كۆرگىنە، باي خەرجكە جاي يوق غەم يېمەس،
كەمبەغەلدە باشقا غەم چەندان غۇلى.
تەختى ۋارىس تەشۇشى يەيمىش ئەمىر،
چەكمىسە بولمامتى شۇ ئەپغان غۇلى؟...
بۇ جاھان شۇنداق جاھان، كەمتۈك جاھان،
يوق مۇكەممەل نەرسە، مەن ھەيران غۇلى.
ۋاھ، كېتەرمۇ دايىما كەملىك بىلەن،
بۇ جاھاندىن، ئېيتقىنا، ئىنسان غۇلى؟...
تىڭشىماققا راست گېپىڭ، بار ھەمغەلەت،
«كەم» نى توشقۇزماققا كۆپ ئىمكان غۇلى.
«بەرسە يەيمەن، ئۇرسا...»دەپ ياتقان كىشى
بۇ دەۋردىن كۈتمىسۇن ئېھسان غۇلى.
چارىپايدىن پەرقى ئىنساننىڭ ئەقىل،
ھەممىدىن غالىب ئەقىل ھەر ئان غۇلى.
قوپ بۇرادەر، تەندە دەرمان پۈتكۈچە،
تىركىشەيلى قالمىسۇن ئارمان غۇلى!...

① پەندۇرۇپ ( پەندۇرۇش ) — ئالداش، ئازدۇرۇش مەنىسىدە. ② ھەلەم — نۇرغۇن، تالاي مەنىسىدە. ③ غۇلى — زادى، پەقەت مەنىسىدە.

## « پاياندار » تېمىسىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

# ئاھ، يوللار

(چاتما)

مۇھەممەت توختى ئەخمەت

### مۇقەددىمە

دەشتى- چۆلنىڭ ئېتەكلىرىگە،
لىنتا سوزغاچ ئۇپۇق پەرىسى؛
ئۈمىدىمنىڭ چېچەكلىرىگە—
قوندى كېلىپ ھەسەل ھەرىسى.

تەپەككۇرۇم ياسىدى قىيام،
شېرىنلەردىن قايىنتىپ جەۋھەر.
پاياندازــ يول قوزغىدى ئىلھام،
كۆرۈنگەچ ئۇ نۇرانە گۆھەر.

### كوئىنلۇن گۇۋاھ

كىملەر سالغان گۆھەر پاياندار؟
بولدى پەيدا قاچاندىن بېرى؟
كېتىۋاتقان كارۋانمۇ يا غاز؟
يېقىن بولدى نە ئۈچۈن نېرى؟

قېقىرلىقتا مۇڭلۇق قونالغۇ—
ساتما- ئۆتەك دېگەنلەر قېنى؟
ئەگرى داۋان، دۇمبەل — توسالغۇ،
(تالاي جاننى يېگەنلەر قېنى؟)

قىسقارسۇن دەپ ئۇزۇن مۇساپە،
تارتىلدىمۇ تانابى يەرنىڭ؟...
(خىيالىمغا تاشلايدۇ سايە،
تەئەججۇپنىڭ سوئالى كۆرەمىڭ).

«شائىر ئوغلۇم!» دېگەن بىرسادا،
خىياللاردىن كۆتۈرگۈزدى باش.
كۆز ئالدىمدا كوئىنلۇن ئانا،
تۇرار ئىدى تۆكۈپ ئىللىق ياش.

— تەئەججۇپتىن بولما پەرىشان،-
دېدى، ئاستا بېشى چايقالدى،-
بۇ ئۆمرۈمدە كۆردۈم كۆپ زامان،
مەرد ئوغلانلار ئەمدى بايقالدى.

سۆيۈنۈشۈم بولدى زىيادە،
دەۋرىگە خاس ئەقىل تاپقاندىن؛
يۈكسىلىشكە باغلاپ ئىرادە،
بەختى ئۈچۈن كەڭ يول ئاچقاندىن.

قايغۇدىن دەپ قىلما تەسەۋۋۇر،
شادلىقىمدىن تۆكۈلدى يېشىم.
قىسمەتلەردىن سۆز ئاچاي بىر قۇر،
ياستۇقۇدىغا قويغانچە بېشىم...

سۆزلىدى ئۇ، كەلدى ئېدىرىكىم،
ئۇزاقلاردىن «سۆز» گە ياندىشىپ.
كۆپ قاتلاملىق ئۇزۇن تارىخىم،
كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى چامدىشىپ.

سۇ قوغلىشىپ ياشاشتى تارقاپ،
ئۇۋچىلىقتىن بەزگەن ئادەملەر.
چىقتى توردەك كۆپ چىغىر ياساپ،
ھەر ماكاندىن كەزگەن ئادەملەر.

www.uyghurkitap.com



قالدى لېكىن كونا پېتىچە،
جىلغا، داۋان بويلىغان چىغىر.
سىر كۆن كېرەك ئۆن يىتىم يەرگە،
يوللار يامان، قەدەملەر ئېغىر.

ماكانىدىن چىقىپ، يول كېزىپ،
تالاي ئادەم بازار كۆرمىدى.
تالاي ئادەم چۆلدە جان بېرىپ،
مۇردىسىمۇ مازار كۆرمىدى.

جاھان كەزمەك مۇشكۇل شۇ قەدەر،
يول ئازابى گۆردىن ئۆتەر، تەس.
بىر مىسالكىم، يەتتە قەلەندەر—
قىسمەتلىرى ئەپسانە ئەمەس①.

قوتاز مىنگەن تاغلىق يولچىدىن،
كولدۇرمىلىق كارۋانلار غىچە؛
تويىمىغان كىم ئەزىز جېنىدىن،
مەنزىلىگە يېتىپ بارغىچە؟

سايدا ياتقان خاسلا تاش ئەمەس،
ئۈستىخىنى تۇمەن ـ تۇمەنىنىڭ.
ئارمانىدا ئۆتكەن ھەر كىم، بەس،
داغدام يولنىڭ، مەنزىل ـ چىمەنىنىڭ.

— كۆلدى ئەمدى شۇ ئارمان بۈگۈن،
يۇرتتىن ـ يۇرتقا تۇتاشقان يولساز.
يازار بولساڭ، ـ دېدى كۈلۈمسىرەپ، ـ
يول ئۈچۈن تەر ئاققۇزغاننى ياز...

## ئىش مەۋجىدىن بىر ئىلھام

ئىدرىكىم — تەپەككۇرۇم قاقتى قانات،
ئەمدى ئىش مەيدانىدا پەرۋاز قىلىپ.
بىر بۈيۈك جەڭگاھ شۇ دەم بولدى پارات،
مۆجىزە كۆردۈم مانا ھەريان بېقىپ.

چۆل يېرىپ مەردانە لەكمىڭ ئوت يۈرەك،
ئارزۇلار بوستانىچۈن تۆكمەكتە تەر.
كۆي تۆكەرسانىسىزماتور، كەتمەن، گۈرجەك...
بۇندا ئۇلانغان كېچە ـ كۈن، شام ـ سەھەر.

جىلغىلار تىنغان، داۋان ئېگىرايدۇ سۇس،
ھەيۋىسى سىنغان يېرىمجان شىر كەبى.

يېڭى يول قىلماقتا بەرپا راۋۇرۇس،
ئىنژېنېر، ئىشچى ـ دېھقان بىرلىك سېپى.

تاش، سېغىز، گوموش ـ شېغىل ئىززەتكە باي،
ئېتىبار تاپتى بولۇپ ئۇ يول ئارا.
ئۈستىگە ماگما بولۇپ ئاقماقتا ماي،
رىشتىنى چاتماقتا چىڭداپ ماشىنا.

بېيىلىپ بارماقتا شۇنداق بىر گىلەم،
نە گىلەم، ئىزگۈ قەدەمنىڭ بەتلىرى.
شۇ قەدەم شەيدالىرىغا دەممۇ دەم،
كېلىدۇ ئارزۇ، مۇھەببەت خەتلىرى.

## قىزنىڭ خېتى

ئۈزۈلتىپ چىقسام ساڭا ئاقيول تىلەپ،
سەن سەپەر قىلماقچى بولغان ئاخشىمى؛
چاچلىرىمنى سىلىغانچە پەپىلەپ،
ئۆگىتىپ قويغانىدىڭ بىر ناخشىنى.

يول ياساش ئارزۇسىدا كەتتىڭ جېنىم،
تۆگىمەي شۇ ناخشىمىز قالدى چالا.

ئويغىتىپ كۆڭلۈمدە ھەر ئان خۇش سېزىم،
كېلىدۇ ئېلىپ ھىدىڭنى شوخ سابا.

سېغىنىش ئۆرتەيدۇ دىلنى ئاز دەقىم،
كۆرگىلى بارسام سېنى دەيمەن، ئۈچۈپ.
ئىنتىزار كۆڭلۈمدە سەن بار تاتلىقىم،
يول پۈتۈپ، تېز ئارىدا قايت شان قۇچۇپ.

① رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر زامانلاردا دەرۋىش سۈپەت يەتتە كىشى يۇرت ئارىلاپ سەپەر مۇشەققىتىنى چېكىپ، چىرا ناھەيىسىنىڭ چاقار يېزا تەۋەلىكدىكى تاغقا ياندىش بىپايان سايدا ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە ھارغىنلىق ئازابىدىن قىينىلىپ ئۆلۈپ كەتكەنمىش. شۇڭا، ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەن جاي ئاشۇلارنىڭ نامىغا باغلىنىپ زامانىدىن ـ زامانغا «يەتتە قەلەندەر» ئاتىلىپ كەلگەن. يەرلىك خەلق ـ ئەرباب مۇ شۇنداق ئاتىشىدۇ.

## يول ئىشچىسىنىڭ خاتىرىسىدىن

باتىن كۆزدە سىما يېڭىنى كۆرۈمەن،
خاتىرەمگە مېھرىڭ سېنىڭ جىسەكچى.
ئەمگەكىمدىن شۇنچە ھوزۇر سۇرىمەن،
چۈنكى، ئائا مۇھەببىتىڭ يېتەكچى.

رىغبىتىڭدىن تاپقاچ قۇۋۋەت ۋۇجۇد - تەن،
ئۈزمەكتىمەن ئىش قايىنغان ئېقىندا.
كۈتكىن جېنىم، مەن تەر تۆككەن يول بىلەن،
ۋىسالىمىز گۈل ئاچىدۇ يېقىندا.

### خاتىمە

چىرا، چاقار، ئۇلۇغساي، نۇرى،①
مارجان كەبى تىزىلدى قاتار.
بەرپا بولغاچ يېقىنلىق يولى،
ئۇندا ئۈزمەي يولۇچى ئاقار.

مۇڭلۇق كۈينىڭ ئورنىنى باستى،
شادىيانە يېڭى كۈي - مۇقام.

دىللار كۆكى لوزۇنكا ئاستى،
پايانىدىن تاپتۇق دەپ ئارام.

بىلسەڭ دوستۇم، ئىزگۈ پەرماندىن،
ئەمگەك بىلەن ياسالغان يول بۇ.
مۇھەببەتتىن، ئارزۇ- ئارماندىن،
گويا گۈلدەك قاپارغان قول بۇ.

◁~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~▷

# شېئىرلار

### نەۋ بەرى

## مەن سۆيگۈدىن يارالغان ئىنسان

ياش تۆككەندە كەڭ تاغلارغا بۇلۇتلار،
كۆلدى ياشناپ ئورمانزارلار، شىۋاقلار.
تەلمۈرگەندە قۇياش زېمىن ھۆسنىگە،
ھەر نىگاھتا بۇلدۇقلىدى بۇلاقلار.

شوخ ئېقىنلار قوشۇلغاندا كۆۋەجەپ،
قىرغاق تىترەپ ھاسىل بولدى زور دەريا.

بۇژغۇنلىرى سۆيدى چەكسىز ئۈپۈقنى،
دولقۇنىدا پەيدا بولدى بىر بەرنا.

كۆز نۇرلىرى كېچىلەرنى يورۇتار.
چېچى ھەسەن - ھۈسەن بىلەن تارالغان.
دىل جىسمىغا بار مۇھەببەت مۇجەسسەم،
مەن شۇ ئىنسان - چىن سۆيگۈدە يارالغان.

## تەنھا قاپسەن، سەن مېنى تەنھا قويۇپ

يالقۇنلىغان ئوت تىنىقلار قوشۇلۇپ،
تەپتىمىزدىن ھۆل دەرەخلەر قۇرىغان.
مەپتۇن بولۇپ مۇھەببەتنىڭ نۇرىغا،
نەچچە كېچە مەستخوشلۇقتا يورىغان.

ئاھ، قاچاندا چىقاردىڭ سەن سوغشامال،
ئارزۇيۇمنىڭ بۇلاقلىرى كۆمۈلدى!
سۆيگۈمىزگە گۇۋاھ بولغان يۇلغۇنلار،
پايانى يوق قۇملۇقلارغا چۆمۈلدى.

× ×

① بۇ مىسرادىكىلىرى يۇرت ناملىرى.

بۈگۈن ئاخىر ئاجىزلاپتۇ كۆز نۇرۇڭ،
يەر شارىنىڭ بۇيىنى ياشتا يۇيۇپ.
ئۆز ئوقىدا دەۋر قىلىپ قىسمەت چاقى،
تەنھا قاپسەن، سەن مېنى تەنھا قويۇپ.

## مۇز چىراي

ئايغا تەڭداشسىز يۈزۈڭ ئەي قىزچاق،
گۈلگە مىسالدۇر ھۆسنى كامالىڭ.
ئەمما ياغاركەن چىرايىڭدىن مۇز،
توڭلىتىپ يۈرەك گۈزەل جامالىڭ.

## خوش چىراي

گۈزەل ئەمەسسەن ئەمما ئەي قىزچاق،
بېۋەر چىرايىڭ باھاردىن دېرەك.
پارلاپ چېھرىڭدە نۇرانە قۇياش،
خۇش خۇيۇڭ قىش ـ ياز ئەللىتار يۈرەك.

## جاھاننەما ئەينەكمۇ كۆزلىرىڭ

كۆزلىرىڭدە ئايان سەنەم سىماسى،
نۇزۇگۇمىمۇ قوشاق قاتار مەردانە.
ئامانىسا ساتارىنى سايرىتار،
رىزۋانگۈل جەڭدە چاپار ھەر يانە.
جاھاننەما ئەينەكمۇ كۆزلىرىڭ؟
بار دەۋرنىڭ گۈزەل ھۆسنى نۇرانە.

# شېئىرلار

## تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

### كاتىرىنا

( ئۇكرائىنا شائىرى شېۋچېنكو يازغان شۇ ناملىق سۈرەتكە قاراپ )

قامىتىڭ گوياكى سۇئال بەلگۈسى،
تۇرىدۇ بىر سىرنى يوشۇرغان كەبى.
پۇشايمان، دەرد ـ ئەلەم سىڭىپتۇ سايە،
غۇبارسىز ھۆسنۈڭگە ئۇماق ۋە سەبى.

كۆزلىرىڭ بولۇپتۇ ھەسرەتلىك بۇلاق،
چاچلىرىڭ پەرىشان يېيىلىپ تۇرار.
بوسۇغاڭ ئالدىدا غەزەپلىك ئاتاڭ،
ئاچچىق ۋە ئەلەمنى ئوتتۇندىن ئالار.

چىقتىمۇ دەرد ـ نومۇس ئۆيۈڭدىن ھەيدەپ،
ساددە قىز تۈنلەردە بارارسەن قايان.
ئۆتكۈنچى بولۇتتەك ۋاپاسىز يىگىت،
شاد قىلىپ دىلىنى يوقالدى قايان.

لەززەتلىك پىچىرلاش، يالقۇنلۇق ۋەدە،
قىلدىمۇ سېنىڭ پاك ۋۇجۇدۇڭنى رام.
ياچۇلدە ئۇچرىغان ئالدامچى سەراپ،
قىلدىمۇ دىلىڭنى سېنىڭ بىئارام.

ۋە ياكى كۆرسىتىپ كارامىتىن زەر،
قىلدىمۇ كۆزۈڭنى چاقنىشىغا زار.
ئاھ! قايسى ۋاقىت ۋە قايسى دەقىقە،
ۋۇجۇدۇڭ ئەلكىدىن يوتتى ئىختىيار.

ئالدامچى ۋەدىلەر، ئالدامچىدۇر زەر،
پەقەت بۇ دۇنيادا راستۇر دەرد ۋە غەم.
يىغلىما ئايشاق قىز، ئۆرتىمە دىلنى،
بەخت ئۇ ئۆتكۈنچى، مەڭگۈدۇر ئەلەم.

1991- يىل 10- ئاي، كىيېۋ

## گاداي ۋە شاھ

كەيخىسراۋنىڭ بېشىدىكى ئالتۇن تاجقا،
بىرھىكمە تىلىك سۆزپۈتۈلگەن ئىمىش مۇنداق:
«قولدىن قولغا ئۆتۈپ شاھلىق يەتتى بىزگە،
بىزدىن يەنە باشقا قولغا كېتەرشۇنداق...»

بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىمىش قەدىم چاغدا،
ئاتا قىلغان ئىمىش خۇدا ئاڭا نۇسرەت.
نۇرغۇن بايلىق ھەمدە نەۋكەر سان-سانا قىسىز،
بەرگەن ئىمىش ھەم ئاجايىپ شانۇ شۆھرەت.

كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ نۇرغۇن ۋەزىر-ۋۇزرا،
تۇرار ئىمىش قول باغلاپ ھەمكۆتۈپ پەرمان.
بىر كۈنى ئۇ يېتىپ قاپتۇ تىنىمۇ تارتماي،
كار قىلماپتۇ ئاڭا: ھېچبىر دارۇ دەرمان.

چاقىرىپتۇ شاھ ئالدىغا مۇنەججىمنى،
دەپتۇ ئاڭا: پال ئېچىپ باق ماڭا ئاتاپ.
ئۇ مۇنەججىم شاھقا قاراپ دەپتۇ مۇنداق:
ئەڭ نامراتنىڭ ئۇزۇق-ئوقەت ئېلىڭ سوراپ.

ئوردا ئالدىن ماكان ئەتكەن قەلەندەرنى،
چاقىرىپتۇ شاھنىڭ بار دەپ ئاڭا سۆزى.
دەپتۇ گاداي: مېنىڭ شاھتىن يوقتۇر قەرزىم،
ئۆز ئالدىمغا مەنمۇ شاھمەن، كەلسۇن ئۆزى.

شاھ قاراپتۇ مۇنەججىمگە بېشى قېتىپ،
مۇنەججىممۇ دەپتۇ شاھقا: بېرىڭ دەرھال.
شاھ بېرىپتۇ قەلەندەرنىڭ ھوزۇرىغا،
ھەم ئۇنىڭغا سالام قىپتۇ سوراپ ئەھۋال.

دەپتۇ گاداي: شاھ گادايلىق باقىي ئەمەس،
ھېچكىم دۇنيا لەززىتىگە ساقى ئەمەس.
بۇ ئالەمدە كۆپ ئىنسانىنى يۇتتى زېمىن،
بولسۇن گاداي ياكى پادىشاھ ياكى ئەمەس.

ئەللىك - ئاتمىش يىلدۇر بىلسەڭ ئۆمرى ئەرنىڭ،
ئۇزۇقىدۇر نەپسى تويماس قارا يەرنىڭ.
ئەلدىن قالدى، سەندىنمۇ ھەم قالار جاھان،
ھىممەتلىك بول، غېمىن يېگىن ئۆزگىلەرنىڭ.

گاداي شاھقا بىر بۇردا نان بەرگەنىكەن،
جان كىرىپتۇ شاھقا پارچە شۇ نان بىلەن.
شاھ گادايغا تون-سەرپاي كىيدۈرۈپتۇ،
كۆپ ياشاپتۇ، ئەلدىن كەلگەن دەرمان بىلەن.

## ساقلىق ھەققىدە

بۇ ئالەمدە ئەزىزلەر كۆپ لەزىزلەر ھەم كۆپ،
ھەر بىرىنىڭ ئورنى باردۇر، بار ھەم قىممىتى.
قىممەتلىكتۇر پۇل ھەم بايلىق، ئاتاق ھەم شۆھرەت،
بەك ئەزىزدۇر ئۇرۇق- تۇغقان، سۆيۈملۈك دوست - يار.

ھەممىسىنى ئالغىلى ھەم بولار تاپقىلى،
بولغاندىمۇ ھەر قانچە ئۇ قىممەت ۋە ئەۋزەل.
بىر نەرسە بار ئۇنى سېتىپ ئالغىلى بولماس،
تەن ساقلىق ئۇ، كەلمەس قولغا تۆلىسەڭ بەدەل.

تەن ساق چاغدا يېتەلمەيسەن قەدرىگە ئۇنىڭ،
ئۆتكەن ۋاقىت، ئاققان سۇدەك قەدرىسىز شۇنداق.
باش ياستۇققا يەتكەن چاغدا بىلىنەر قەدرى،
قىممىتىنى، لەززىتىنى بىلەرسەن شۇ چاغ.

لەزىز نېمەت ئۆتمەس گالدىن، تېتىماس تۇزمۇ،
ماموق، ياستۇق، پەي چۈشەكلەر ئۆرتەر تېنىڭنى.
يوقالغانلار گۈل كۆرۈنەر گويا كۆزۈڭگە،
كۆڭۈل ئىستەر ياخشى تىلەك، ياخشى سۆزۈڭنى.

ئالتۇن زەنجىر يىلان بولۇپ بوغارگىلىڭنى،
ئۈزۈك، ھالقا، جاۋاھىرلار پاتار تېنىڭغا.
جان ئاغرىسا ھەممىسىنى تېگىشكۈك كېلۇر،
ئارام بەرگەن نەرسە ئۈچۈن بىردەم جېنىڭغا.

تەن ساق چاغدا سۇمبا تىلىقسەن، باغدەك گۈزەلسەن،
بۇرادىرىڭ دوست ۋە يارىڭ ياندىن ئۈزۈلمەس.
بولدۇڭ بىمار ئەزىزلىرىڭ كەچكەي سېنىڭدىن،
بىر خۇداھەم ئاتا-ئانا ئەسلا زېرىكمەس.

ساقلىقىڭنى ساقلا ئىنسان ياپ - ياش چېغىڭدىن،
شۇ مېۋىسىنى پۇتاپ تۇرغىن ئۆمۈر بېغىڭدىن.
بۇ ئالەمدە ساقلىقىڭغا تىۋىنغىن پەقەت،
بۇ نەسىھەت بولسۇن دوستۇم ساڭا مېنىڭدىن.

# شېئىرلار

## ئەخمەتجان تۇرۇپ

### بىر كۆز ئەگىپ يۈرەر ئادەمنى

ئەگىپ يۈرەر پەقەت بىرلا كۆز،
كېچە - كۈندۈز سېنى ھەم مېنى.
تالاي يۈرەك سىڭەر تۇپراققا،
لېكىن چىقماس شۇ كۆزنىڭ جېنى.

بىلسەڭ شۇ كۆز ئادىل باھاچى،
ئازغىنى يوق، ئېزىپ قالماس ھېچ.
ئەگرى بولساڭ سانمايدۇ تۈز،
تۇرساڭمۇ گەر كۆتۈرۈپ قىلىچ.

بېشىمىزدىن ئۆتكەن كەچمىشلەر،
ئاشۇ كۆزگە يېزىلار تولۇق:
سەن كۈلمىگىن ۋە يا مەن تىكەن؟
ئۆدەپ بېرەر (بولغاچ بەك ئۇلۇق).

### يۈرىكىمگە سالغىن بىر تەستەك

سۈتتەك كۆڭلۈم سەنچۈن يارالغان،
نەكى كۆڭۈل، يۈرىكىممۇ ھەم.
ئۇماق يۈزۈم «كۈن» دەپ سانالغان،
نىگاھىڭنى بىرلا تىككەن دەم.

ئالماس چوققا سۆلەت تالاشقان،
كۆرسە مېنى، چېكىسپ مىڭ ئەلەم.
بارمىقىنى تەكرار چاناشقان،
ئەسىر بولۇپ تېخى گۈل سەنەم...

ئانا ئۆزۈك شۇنداق ئەر قىلغان،
تور ياپالماس بەستىمگە ئەسنەك.
كىرپىكىڭدىن سىرغىتسام شەبنەم،
يۈرىكىمگە سالغىن بىر تەستەك.

### دالا تورغىيىغا

دالادىكى ئەي ئۇماق تورغاي،
قاچما مەندىن، كۆرۈنسە قارام.
تىلەكىمنى قىلمىساڭ قوبۇل،
تۈز قۇيغاندەك ئېچىشار يارام.

راست، بىر چاغدا ئىدىم دۈشمەنىڭ،
تۇتقان نەچچە، ئىشلىتىپ يەمچۈك.
سەن كۆزۈڭدىن تۆكۈپ دەريا قان،
بوپ قالاتتىڭ سايرىماستىن شۈك.

بوغدى كېيىن گېلىمنى ھەسرەت،
ئازلىغاندا دالادا ناخشاڭ.
قەپەزنىمۇ قىلىۋەتتىم كۈل،
ئىشەنمىسەڭ كېلىپ بىر باقساڭ.

ئەمدىلىكتە سايرىغىن غەمسىز،
قاتاي مەنمۇ كۈيلىرىڭگە ئۈن.
شاد ناخشاڭنى ئاڭلىسام ھەر تاڭ،
كۈلەر ئىكەن يۈرىكىم پۈتۈن.

## دىلبەرگە

تۇزۇتمىسۇن ئاھ ئۇرۇش دىلبەر،
جۇپ كۆڭۈلدە كۈلگەن چېچەكنى.
ئاق تىكەنگە قىلمىسۇن سوۋغات،
كۈن نۇرىدەك ئۆڭمەس تىلەكنى.

شۇڭغۇتمىسۇن يۈرەكلەرگە ھەم،
سەزدۈرمەستىن ئالقانچىلىك مۇز.
ئاجراپ كەتمەس قولۇڭدىن قولۇم،
كۈلۈپ تۇرغاچ ئەتە بەكلا ئۇز.

## مېنىڭ سەھرايىم

**ئابلەھەت مەتكېرىم**

تەسەۋۋۇرۇم رۇجىكدە ئاي،
جىمىرلايدۇ ئاستا ۋە غۇۋا.
خىيالىمدا يېڭى بىر ماكان،
بۈركۈتلەرگە تىزماقتا ئۇۋا.

سەبىيلەرچە ئۆتكەن كۈنۈمگە،
شاھىت بولۇپ قاپتۇ شۇ سەھرا.
تال چىۋىقتا ئويناغان ئېتىم،
ئەسلىمەمگە بوپ قاپتۇ ھەمراھ.

بالىلىقتا ئۆتكەن غەمسىز كۈن،
تەقدىرىمگە ئىكەن ھامىلە.
شاھ بولۇشنى ئۆگەتكەن ماڭا،
گۈزەل سەھرا گۈزەل ئائىلە.

## باشتا

**مۇھەممەت ئابدۇللا ئابدۇخالىق**

تەۋرەپ نادانلىق بۆشۈكىدە شېرىن ئۇخلاپتىمەن باشتا،
ئاتام بارغۇ غېمىم يوق دەپ ئۇزە ئويلاپتىمەن باشتا.
كېلىپ ئايلار، ئۆتۈپ يىللار يېشىمغا ياش قېتىپ كەلدى،
ئويۇن ـ كۈلكە تاماشىغا ئەجەب تويماپتىمەن باشتا.
مانا ئەمدى نەزەر سالسام كۈنۈم قاتتىق يولۇم ئەگرى،
ئىلىمسىز مەن، ھۈنەر ـ ھېكمەت بىلىپ قويماپتىمەن باشتا.
ئاتام ئېيتقان ئىدى شۇنداق، ئوغۇل بولساڭ ھۈنەرلىك بول،
سۆزىنى ھېچ پىسەنت ئالماي مۇجەز قوزغاپتىمەن باشتا.
مانا ئەمدى ئازابەتلىك پۇشايمان ئىچرە يىغلايمەن،
ئاخىر بۇنداق بولاشىمنى ئەجەب بىلمەپتىمەن باشتا.

www.uyghurkitap.com

## «يېشىل ياپلاق» تېمىسىدا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر






**ئابدۇقادىر سادىر**

ۋاقتىنىڭ قايسى چاغ ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، ئۆزۈمنى ياپلاقتا، دېگۈدەكمەن. ئەتراپىم بولۇق ئۆسكەن يۇمران چۆپلۈك. ئارامبەخش تاغ شامىلى توختىماستىن سوقۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۈزكۆزۈمگە سىلىققىنا سۈيۈپ قېچىشى، ئاللىقايا قلاردىن ئۇچۇرۇپ كەلگەن خۇشبۇي ھىدلارنى دىماقلارغا ئۇرۇشى كىشى جېنىغا تولىمۇ راھەتبەخشھوزۇر ئاتا قىلىدۇ.

ئۈزۈلمەستىن ئۆتۈپ تۇرغان ئەنە شۇ غۇر - غۇر شامالدا، ئالدىمدىكى پايانسىز چۆپلۈك، گويا ئۇچ - چېكىگەكۆز يەتمەس دېڭىز سۇيىدەك لەرزان، ئەمما تولىمۇ چىرايلىقچايقىلاتتى. ئاشۇچايقىلىشتا پەيدا بولغان تۇرۇم - تۇرۇمدولقۇنلار، بەئەينى يېشىل قاسراقلىق ئەجدىھارلاردەك تەرەپتەرەپكە سۇيلىشاتتى. چۆپلۈك ئارىسىدا بولسا، دۇمبىلىرى بىر كۆرۈنۈپ، بىر يوقاپ كېتىپ ئوتلىشىۋاتقان قوي پادىلىرى ئاشۇ زۇمرەت ئېقىندىكى ئاققۇلارنى ئەسلىتەتتى.

شۇ ئەسنادا، ئالدىمدىكى ئاشۇ چۆپلۈك بىردىنلا چېچەك ئېتىشقا باشلىدى. كۆزۈمـ نى يۇمۇپ - ئاچقۇچە، بايىقى زۇمرەت ئېـ قىن ئورنىنى رەڭگا رەڭ گۈل - چېچەكـ لىك ئىگىلىدى. گۈللەر تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، رەڭگىنىڭ جۇلالىقلىقىدىن، ھەدېگەندە كۆـ زۈم قامىشاتتى. بۇ ئاجايىپ سېھرىي دۇنـ ياغا قارىغانسېرىم تويمايتتىم.

— پاھ - پاھ، - دەيتتىم ئۆز - ئۆزۈمگە شىۋىرلاپ، - بەرىكەت بىزگىلا يېغىۋاتىدۇ دېسە! خۇدانىڭ ھەقىقەتەن كۆزى بار ئىكەن. رازىبايلار بىزدىن ئېشىپ كېتىمىز، دەپ يايلاقتا چىقارمىغان ھۈنىرى قالمىغانىدى. «قىرىشقاننىڭ ئانىسىنى ئال» دېگەندەك، تاغ-تۈزنىڭ ھەممە مولچىلىقى، تامام گۈـ زەللىكى بىزنىڭ يايلاققىلا كۆچۈپ كېلىۋاـ تىدۇ - دە!

خىياللىرىم تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى. توساتتىن ئالدىمدا بىر دانە گۈللۈك كېـ پىنەك پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ، ھەقىقەتەن ئۆزگىچىلا بىر خىل رەڭدە ئىدى. كېپىنەك ئاۋۋال گۈللەردىن-گۈللەرگە تاقلاپ بىردەم تاماشا قىلدى. ئاندىن، لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ، باش ئۈستۈمدە بىر پىرقىرىۋەتتى - دە، ئالدىمغا چۈشۈپلا ئاجايىپ گۈزەل بىر پەـ رىگە ئايلىنىپ قالدى.

پەمىمچە ئۇ، ئون يەتـ تە - ئون سەككىزلەرگە كىرگەنـ دەك قىلاتتى. ئەپچىلگىنە چىگىۋالغان ئوتـ قاش رەڭلىك گاز ياغلىقى، چېكىت گۈلـ لۈك ھاۋارەڭ كۆڭلىكى زىلۋاغىنا بوي بەستىگە تولىمۇ ياراشقان، ئىككى تال سۇمـ بۇل چېچى ھۆسنىگە ھۆسن قوشقانىدى. خوتەن كىيىكىنىڭ كۆزلىرىدەك نۇرلۇق قارا كۆزلىرى جانغا ئوت تەگلەپ تۇـ راتتى.

مەن، بۇ كارامەتلىك مۆجىزىدىن، توغـ رىسى، قىزنىڭ تاغ تۇرايىمىزدا كەم تېپىلىدىغان ھۆسن - جامالى، گۈزەللاتاـ پىتىدىن ھوشۇمنى يوقىتىپ قويـاي دېپلا قالغانىدىم. شۇ ئەسنادا، قىز غۇلاچلىرىنى يوغان يېيىپ، ماڭا تەلپۈنگەندەك قىلدى. مەنمۇ باغرىمنى كەڭ ئېچىپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئېتىلدىم. ئېتىلدىمىيۇ، ئۇنى ئەـ مەس، بوشلۇقنى قۇچچۇپلا قالدىم...

چۈشۈم مېنى ئالدىغانىدى. ئالدىمدا نە قىز، نە كېپىنەك ۋە نە بايىقى رەڭـ دار چۆپلۈكلەردىن ئەسەرمۇ يوق. پەقەت، شالاڭ - شالاڭ چۆپلىرى يەر يۈزىدىن ئەمـ دىلا تېشىپ چىققان بوز توپىلىق يايلاق. ھەممە يەرگە تېرىقتەك چېچىلىپ، ئاچكۆزـ لۈك بىلەن يەر غاجىلاۋاتقان قوي - ئۆچـ كە - بىزنىڭ ئىككى يۈز تۇياق پادىمىزلا تۇراتتى. مانا بۇ، ئائىلىمىزنىڭ ئىگىدارـ لىقىدىكى يايلاق ۋە چارۋىمىز ئىدى.

نېمىشقىدۇر، كۆزلىرىمنى ئارقا - ئارـ قىدىن ئۇۋۇلاپ ئېسەنكىرەش ئىچىدە تۆت تامانغا قاراپ كەتتىم. مەڭدەپ قالغان بولسام كېرەك، ئوكۇمىدىكى مۇھىت ئىچىدە تۇرۇپمۇ: «سىز قەيەردە؟ نەگە مۆكۈنـ ۋالدىڭىز؟ سىزنى كۆرەلمەيۋاتىمەنغۇ...» دەپ گۇڭگۇرلايتتىم. گاھ بايا يۆلىنىپ ئۇخـ لاپ قالغان يوغان تاش ئۈستىگە چىقىپ قارايتتىم. گاھ يان تەرەپتىكى دۆڭلۈككە يامىشاتتىم. مانا شۇ چاغدا، نېرۋىلىرىم تولۇق ئويغانغان بولسا كېرەك، ئاستا - ئاستا ئۆزۈمگە كېلىشكە باشلىدىم. بايا كۆرگەنلىرىمنىڭ چۈش ئىكەنلىكىگە راسـ تىنلا ئىشىنىشكە باشلىدىم: لېكىن، بايىقى «كېپىنەك قىز» نىڭ كىملىكىنى دەماللىققا ئېسىمگە ئالالمايتتىم. كېيىن بىر ھازاـ لىق ئەسلەش، قىياسلاشلاردىن كېيىن ئۇـ

نىڭ ماڭا تونۇش سىماسى كۆز ئالدىمدا، ياق كۆڭۈل ئەينىكىمدە ئېنىق ئەكس ئەتتى. ئۇ، مەرھابا — بىزنىڭ ھەم قورو ھەم يايلاق قوشنىمىز رازىباينىڭ يالغۇز قىزى مەرھابا ئىدى.

تاغ يېرىدە ئۆسكەنلىكىگە قارىماي شەھەر قىزلىرىدەك ئاپئاق، تاغ سۆگىتىنىڭ چىۋىقلىرىدەك زىلۋا، ئازادە مۇھىتتا ئۆسكەچكىمىكىن، گەپ - سۆزدە ئوچۇق، ئەركەك مىجەزى سەل ئۈستۈنرەك كەلگەن بۇ قىزنىڭ كېيىكنىڭكىدەك نۇرلۇق، گۈزەل كۆزلىرىگە ھەيران ئىدىم. لېكىن ئۇنى يامان كۆرەتتىم. خۇددى پۈتۈن ئائىلىمىز ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قانداق ئۆچ بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق ئۆچ ئىدىم. چۈنكى ئۇلار ئائىلىمىزنىڭ مۇشۇ تۇرادىكى بىردىنبىر رەقىبى، كۆزىمىزنىڭ تەتۈر كىرپىكى ئىدى.

تېخى، ھېلىقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. يايلاق بىلەن چارۋىلار ئائىلىلەرگە چوڭ ھۆددە قىلىپ بېرىلگەن تۇنجى يىلى ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەرھابامۇ، مەنمۇ يايلاق ياتاقلىق مەكتىپىنىڭ تولۇقسىز سىنىپىدا قونۇپ ئوقۇيتتۇق. شۇ يىلى دادام بىلەن ئۇنىڭ دادىسى ئىلگىرى بىللە باققان بىر پادا ساغلىقنى تالىشىپ، قاتتىق سوقۇشۇپ كەتتى. بۇ دۆيمىزدىكى پادىلار ئىچىدە نەسلىمۇ، بېقىلىشىمۇ ياخشى، ھەقىقەتەن تالاشقىچىلىكى بار پادىلاردىن ئىدى.

— مەن ئالىمەن، — دەيتتى رازىباي، دۆيجاڭنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ، — مېنىڭ تالاي كۈچۈم مۇشۇ پادىنىڭ كەينىدە خورىدى. جاپاسىنى تارتقاندىكىن، راھىتىنىمۇ كۆرەي، ماڭا بېرىڭلار.

دادام بولسا:

— بۇ پادىنى سەن بېقىشتىن ئىلگىرىمۇ مەن باقاتتىم، تۆللىرىنى ئۆزۈم ئېلىپ، ئۆزۈم قاتارغا قوشقان، يەنە ئۆزۈم ئالىمەن، — دەيتتى.

تالىشا - تالىشا، ئاخىرى ئىككىسى ياقا سىقىشىپ قالدى. بىر - بىرىسىنى ئەسەبىي تىللار بىلەن تىللىشىپ، تۇرانى باشلىرىغا كىيدى. كېيىن قانداق قىلىشتىكىن. ئەترەتتىن رازىبايغا بۇيرۇپ بەردى. لېكىن، ھويلىلىرىمىزنى بىر قاشالا ئايرىپ تۇرىدىغان بۇ ئىككى ئائىلە شۇنىڭدىن باشلاپ بىر - بىرىمىزگە رەقىب بولۇپ كەتتۇق.

كېيىن، يايلاقلىرىمىزمۇ بىر ياپسادىن بولۇپ قالدى. جەنۇبىنىڭ يايلاقلىرى شىمالىنىڭكىدەك ئۇنداق بولۇق، مولچىلىق ئەمەس، پەقەت تاقىر تاغلار ئارىسىدىكى تۈزلەڭلەرنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە ئۈنگەن شاپ، قامغاق، چاكاندا، قارقات... دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ كۆكى بىلەنلا مال باقىدىغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆسۈشىمۇ تايىنلىق. ئالدى ئىككى - ئۈچ غېرىچ ئۆسسە، كەينى مالنىڭ توپا غاجاپ يېيىشىگە توغرا كېلىدۇ. ئورۇپ - قۇرۇتۇۋېلىشتىن بولسا ئېغىز ئاچقىلى تېخىمۇ بولمايدۇ.

بىزگە بۆلۈپ بېرىلگەن يايلاقلارمۇ ئەنە شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر كىمنىڭ ئىگىدارچىلىقى ئايرىم - ئايرىم بولغاچقا، ئىلگىرىكىدەك قەيەرنىڭ چۆپى ياخشى بولسا، شۇ يەرگە ئاپىرىپ باققىلى بولمايتتى. شۇڭا، يايلىقىمىزنىڭ ئالقانچىلىك يېرىدىكى چۆپنىمۇ، خۇددى تاغاردىكى ئاشلىقتەك ئاياپ يېگۈزەتتۇق.

يايلاقلار بۆلۈپ بېرىلگەن ئىككىنچى يىلى ياز ياخشى بولمىدى. ھۆل - يېغىن كېمىيىپ كېتىپ، قۇرغاقچىلىق دەستى-

ىدىن ئوت – چۆپلەر يوق دېيەرلىك هالـ
غا چۈشۈپ قالدى. ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىـ
رىدا بىر-ئىككى كۈن يامغۇر ياغقان بولسىمۇ،
كۆز ئاخىرىسىغا بارار – بارمايلا يايلىـ
قىمىزنىڭ توپىسى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.
هەيدەپ يۈرگەن چارۋىلار خۇددى ئاخـ
تا مىلىقتا تېنەپ قالغاندەك، ئوت تىمىسقىـ
لاپ تۆت تامغا بويۇن سوزۇشاتتى. ئىلا-
گىرى يەپ كەتكەن چاكاندىلارنىڭ تەمەشـ
لىرى، يىلتىز-داڭگاللىرىمۇ قالمىدى. چار-
ۋىلىرىمىز كۈنسېرى ئېتىدىن چۈشمەكتە
ئىدى.

بۇ كۈنلەردە دادام بىلەن ئىككى ئا-
كام كەنتىمۇ كەنت قاتراپ يۈرۈپ ئوت-
سامان، قومۇش – پىچان ئېلىۋاتاتتى.
يازدا ساتقان ئون تۇياق قوتازنىڭ پۇلىـ
مۇ يەم – خەشەك سېتىۋېلىش بىلەن تۈ-
گەي دەپ قالغانىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مالنىڭ
كەينىدە يۈرۈپ ئىچىم پۇشتىمىكەن،
رازىباي بىلەن بىزنىڭ يايلاق پاسىلىدىكى
جىراغا چىقتىم. تووۋا، ئۇ تەرەپتىكى بىر
ئوق كەلگۈدەك يەرنىڭ چۆپلىرى كۆز قۇ-
ياشىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ، كۆز چاقنىـ
تىپ تۇراتتى.

«مانىھ، رازىباي قويلىرىنى نېمىدە
بېقىپ شۇنداق ئوت ئاشۇرۇپ قالدىكىنە؟-
دەپ قالدىم ئىچىمدە، – ئەجەب، بۇ يەرگە
مال سالماپتىيا؟ يايلاقلىرىمىزنىڭ كۆ-
لىمى، چارۋىلىرىمىزنىڭ سانىدىغۇ، ئانـ
چە كۆپ پەرق يوق ئىدى. لېكىن، بۇ بىر
ئوق يەردىكى چۆپلەرنىڭ زاپاس تۇرغىـ
نى قىزىقتە، نېمە دېگەن تەڭشەلمىگەن
ئالەم بۇا!؟»

مەن ئاشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، ئۇلارنىڭ
يايلىقىغا تىكىلىپلا قالدىم. ئۇ يەرگە —

ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرغان زاپاس چۆپـ
لۈككە قارىغانسىرىم ئىچىم ئاداپ، باغـ
رىمنى قۇرت يەيتتى. ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ
ئالا-تۇپىلاڭ يايلىقىمىزغا سېلىشتۇرۇپ،
هەسەت ئۇستىگە هەسەت قىلاتتىم. ئۇنىڭ
بۇ چۆپلۈكىنى قانداق قىلىپ ماللىرىدىن
ئاشۇرۇپ قالغىنىغا ئەقلىم يەتمەيتتى.

— بۇ دېگەن رازىبايكامنىڭ ئەقلى
بولمامدۇ؟-دېدى بىر كۈنى ئابىخان بۇ
توغرىدىكى سۆزۈمنى ئاڭلاپ، – بىر كۈنى
قارىسام ئۇ يامغۇرغا چىلىشىپ يۈرۈپ
يايلىقىنىڭ ئۈستىدىكى جىرا ئېغىزىغا
تاش بىلەن توغان سېلىۋېتىپتۇ. «نېمە
قىلىپ يۈرۈيسىز» دېسەم، نېمە دەيدۇ
دېمەمسەن؟ «بۇ يىلى قۇرغاقچىلىق ئېغىر
بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ئېدىردىن چۈشـ
كەن سەل سۈيىنى يايلاققا باشلاپ قويايي،
دەيمەن» دەپ يۈرەتتى. شۇنىڭ پايدىسىـ
نى كۆردى بۇ قاقباش.

مېنىڭ ئەمدى، يايلاقتىن ئۆتۈپ، ئۇ-
نىڭ ئەقلىگىمۇ تارلىقىم كېلىشكە باشلىـ
دى - دە، قورسىقىمغا بىر جىن كىرىپلا-
ۋالدى. مېنىڭ، ماللىرىمىزنى ئاشۇ چۆپـ
لۈككە چۈشۈرۈپ بىر - ئىككى كېچە تازا
بېقىۋالغۇم، هېچبولمىغاندا، مال ئايىغىدا
چەيلەپ - چەيلىۋەتكۈم كېلەتتى.

— ئۇنداق قىلساق بولماسمىكىن ؟ -
دېدى دادام مەسلىهەتىمدىن سەل دىلىغۇل
بولۇپ، — بۇ نېمىلەر بىلەن بىكاردىن -
بىكار يەنە هەپىلىشىپ قالىمىز.

— نېمىگە هەپىلىشەتتۇق؟ - دېدىم دا-
دامغا چۈشەندۈرۈپ، - ئۇ يەر دېگەن بىر
ياقا يەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ ئۆز-
لىرىمۇ مال سالمىغاندىكىن، ئۇ يەرگە بې-
رىپ يۈرمەيدۇ: ماللارنى كېچىسى ئەپچۇ-
شۇپ، تاڭغىچە قايتۇرۇپ چىقىمەن. نې-

مېسىنى بىلەلەيتتى؟

— ئەممازە، ماڭغان يەردە ئىز قالامدۇ — دە؟ پادىنىڭ قەيەردىن كېلىپ، قەيەرگە كەتكىنىنى بىلگىلى قالامدۇ؟

— بۇنىمۇ ئويلاپ قويدۇم دادا، — دېدىم مەن، — ماللارنى تۆۋەندىن — تاشمەمەتنىڭ يايلىقى تەرەپتىن چۈشۈرىمەن. يەنە كېلىپ، يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ ماللىرى باشتاق يۈرۈۋاتامدۇ؟ يولى كەلسە، ئۆزىنىڭكىنى ھەيدەپ قويۇپ ئىزىنى يوقىتىمەن.

دادام، يا قارشى چىقمىدى، يا ماقۇللۇق بەرمىدى. بۇ دەل رازىباينىڭ مالغا قارايدىغان ئوغلى كېپىككە قىسماق سالىمەن دەپ، تاغدىن غۇلاپ ئۆلگەن، ئائىلىسىدە ھازا ئېچىلىۋاتقان، مال ۋە يايلاقلىرىغا قارايدىغان ئادىمى يوق — باشتاق قېلىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. مەن، دېگىنىمدەك قىلىپ يۈرۈۋەردىم.

ئارىدىن ئون بەش — ئون ئالتە كۈنلەرچە ئۆتكەنىدى. بىر كېچىسى، جىن تەگكەندەكلا بىر ئىش يۈز بەردى. ئادىتىم بويىچە قويلارنى رازىباينىڭ ھېلىقى چۆپلۈكىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ ئەمدىلا يېنىم يەرگە تەگكەنىدى. بىر كىمدە، خۇددى تاپىنىم ئاستىدىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا تويپاقتەك بىر ئىت يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى مەيدەمدىن ئالدى. ئارقىدىنلا دومبەمگە ھەدەپ غولدا چۈشكىلى تۇردى، تۇۋلاپ ئۈنۈم ئۆچتى، لېكىن بۇ يەردە ھەر قانچە ۋارقىراپ، دادلىغانمۇ بىكار ئىدى. ئاخىرى ئۇ ئۆزى ھاردى بولغاي، تاياق سېلىشتىن توختىدى. ئاي يورۇقىدا رازىباينىڭ غۇۋا چېھرىسى كۆرۈندى.

— ھۇ، ئۆلۈك ئېشەك! ھۇ، بۇلاڭچى قارا يۈزلەر! ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىدى بۇ يەردە؟ بۇ يەرنى مەن ئوتتۇز يىللىق توختام بىلەن ئالغان، ئوتتۇز يىللىق! نېمە دەپ مېنىڭ مۈلكىمگە چاڭگال سالىسەن؟ نېمە دەپ...

ئۇ، ئېغىزى بېسىلماي تىللايتتى، قارغايتتى. قولىدىكى غولىدىنى كۆزلىرىمگە دىيەسلىتىپ دۆشكۈللەيتتى. مەن بولسام، قاچاندۇر ھۆل بولۇپ كەتكەن تېقىملىرىمنى چىڭگىدە قىسقىنىمچە دىردىلدەپ تۇراتتىم.

«ياراتمىغان چوماق قاڭشارنى يېرىپتۇ» دېگەندەك، باشتا ئانچە پۇشتۇمغا ئېلىنمىغان بۇ ئىش، شۇ قېتىمقى تاياق بىلەنلا توختاپ قالمىدى. بەلكى، تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى. مېنىڭ نەزىرىمدە، كېيىنكى ئىشلارنىڭ باش بالاخورى دەل رازىباينىڭ ئاشۇ جىن تەگكۈر چىرايلىق قىزى ئىدى. ئۇ، زاپاس چۆپلۈكىنىڭ نابۇت بولغىنىنى كۆرۈپ، دادىسىغا ئەقىل ئۆگەتكەن چېغى، رازىباي «يايلاق قانۇنى» نى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ سوتقا ئەرز قىلغانىدى. ھەپتە ئۆتمەي سوتتىن ئادەم چىقىپ ۋەقەنى تەكشۈردى، زىياننى ھېسابلىشىپ، دادامغا نەق مەيداندىلا مىڭ يۈەن تۆلەم قويدى. مېنى بولسا ئونبەش كۈن سولاپ قويدى.

ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى ئەمدىلا يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۇ كۈنلەردە، بىز ئەمەس، ئۆزلىرىنى خېلى باي ھېسابلايدىغان ئائىلىلەردىمۇ ئۈنچىلىك پۇل چىقمايتتى. ئاخىرى ئۇششاق چارۋىلارنىڭ پۇلغا يارايدىغانلىرىنى سېتىپ تۆلەمگە بەردۇق. بېقىش تاپمىغانلىرى قىشچە ئارقا-ئارقىدىن ئۆلۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن

بۇ ئىككى ئائىلە يېڭىباشتىن ئۈچلىشىپ كەتتۇق.

شۇ كۈنلەردە، مەرھابانىڭ ناھىيىدە توقۇلۇقنى تۈگىتىپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي قايتىپ كەلگىنىگە ئىككى ئايلارچە بولغانىدى.

ئۇ، بىر ئاكا - بىر سىڭىل ئىككىلا بالا ئىدى. ئەمدى ئۇ، ئاكىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، دادىسىنىڭ قويمىغىنىغا قارىماي، ئاكىسىنىڭ ئورنىدا مال بېقىپ يۈرەتتى. كېيىنرەك ئۇنى يايلاق مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا سەيلەپ قويۇشتى.

مەرھابانىڭ كۈنلىرى گەرچە مال پادىسى ئارىسىدا ئۆتسىمۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇشى، خۇشۇسەن كىيىنىشى، يۈرۈش - تۇرۇشى، گەپ - سۆز، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلەردە تاغ قىزلىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. مەيلى مەھەللىدە بولسۇن، مەيلى يايلاقلاردا - مال ئارىسىدا بولسۇن، ھەمىشە چىرايلىق كىيىنىپ، كېپىنەكتەك ياسىنىۋالاتتى. ئۇنىڭ بىرەر قېتىممۇ يالىڭاياق يۈرگىنىنى، تاغ قىزلىرىدەك كۆڭلەك ئۈستىدىن پىلات كىيىپ ۋە ياكى دۈمبىسىگە چۆپ - قورايلارنى يۈدۈپ يۈرگىنىنى كۆرمەيتتىم.

مال كەينىدە ئۆزۈڭدىن باشقا ئادەم يوق، بولۇپمۇ مەرھاباغا ئوخشاش چىرايلىق قىزلارنى كەمدىن - كەم كۆرگىلى بولىدىغان مۇشۇنداق زېرىكىشلىك كۈنلەردە، رەقىبىڭ سىياقىدىكى ئۆزگىچىلىكمۇ كىشى كۆڭلىنى مەھلىيا قىلغۇچى بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلايدىكەن. ئەسلىدە مەرھاباغا شۇ قەدەر ئۆچ بولسامۇ، ئۇنى ئاشۇ گۈزەل - يېقىملىق سىياقتا كۆرگىنىمدە، كەينىدىن ئىختىيارسىز قاراپ قالىدىغان چاغلىرىممۇ بولاتتى.

بارا - بارا، ئۇنىڭغا بولغان ئۆچلۈكۈمنىڭ ئورنىنى ئۆزۈممۇ ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل ئىللىق سېزىم، نېمىگىدۇر ئىنتىلىش ھېسسىياتى ئىگىلىۋالدى. ئۇنى كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ ئويلايدىغان، ھويلا قاشىسىدىن، دۆڭ - قىيالار دالدىسىدىن خۇپىيانە مارايدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇ، پونكىتتىكى ئىشىدىن قولى بوشاپ قالغان كۈنلىرى ئۆز يايلىقىغا — دادىسىنىڭ يېنىغا دائىم كېلىپ تۇراتتى. مۇنداق چاغلاردا مەن ماللىرىمنى چۆپلۈككە قويۇۋېتىپ، ئىككىمىزنىڭ پاسىلىدىكى توپا - دۆڭلۈككە چىقاتتىم - دە، ئۇنىڭ سايىسىغا ئۇزۇن - ئۇزۇن قاراپ ئولتۇراتتىم. ئۇنىڭ بولسا مەن بىلەن پەرۋايى پەلەك. توپا - دۆڭ باغرىدىكى ياۋا ئالمىلار تۈۋىدە ئولتۇرۇۋېلىپ يا چىلتەك توقۇيتتى، يا بولمىسا، قاندىقتۇر بىر كىتابنى ئېچىۋېلىپ باش كۆتۈرمەي ئوقۇيتتى. ئاندا - ساندا دادىسى بىلەن بىر نېمىلەرنى سۆزلىشىپ قالمىسا، گويا بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپلا كەتكەندەك كىتابقىلا قادىلىپ ئولتۇراتتى، ئوقۇيتتى، ئاللىنېمىلەرنىدۇ يازاتتى، يەنە ئوقۇيتتى...

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، مېنىڭدىكى بۇ خىل سەۋدالىق تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى. ئەمدى كېچىسىمۇ ئۇيقۇم كەلمەيمەكتە ئىدى. بەزىدە تەۋەككۇل دەرياسىنى كېچىپ، ئۇنىڭ يېنىغا بارغۇم، نېمىلەرنىدۇر ئىزھار قىلغۇم كېلەتتى. بىراق جۈرئەت قىلالمايتتىم.

ئۇ بۈگۈنمۇ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپلا يەنە دۆڭلۈككە چىقتىم. بۇ قېتىم ئۇ ياۋا ئالمىلار تۈۋىدە ئەمەس، يېڭى تۇغۇلغان بىر قوزىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ماللار ئارىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. شۇ ئارىدا، رازى-
باي ئۇنىڭغا نېمىدۇر بىر نەرسە دەپ قو-
يۇپ پەسكە - دەريا ئېقىنىغا قاراپ چۈ-
شۈپ كەتتى. مەرھابا بولسا ھېلىقى قو-
زىنى ئەمگۈزۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. تو-
يۇقسىزلا ئۇنىڭ ماللىرى «گۇررىدە»
قىلىپ پېتىراپ كەتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچ-
قۇچە بولغان ئارىلىقتا يۈزگە يېقىن قوي
بۆلۈنۈپلا يان تەرەپتىكى ئۇچما قىيالىق-
قا يېقىنلاپ قالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىك-
كى دانە بۆرە جان - جەھلى بىلەن قوغ-
لاپ كېلىۋاتاتتى. ئەگەر شۇ ھالدا يەنە
ئازراق چاپسا بۆرە تېگەلمىگەندىمۇ پېتى-
رىغان قويلارنىڭ كۆپى قىيادىن ئۇچۇپ
تۈگىشەتتى.

شۇ چاغدا نېمىنى ئويلىغىنىمنى بىل-
مەيمەن. ھاسامنى سۆرىگەن پېتىم ئۆزۈم-
نى تۆۋەنگە ئاتتىم - دە، چېپىپ كېلىۋات-
قان قويلارنى قىيالىقتىن بۇرۇۋەتتىم.
ئاندىن ئۇنىڭ قاياقتىندۇر پەيدا بولغان
ئىتلىرىنى كۈشكۈرتۈپ بۆرىلەرنى ھۈر-
كىتىشكە كىرىشتىم. لېكىن يۈگۈرۈپ كېتى-
ۋېتىپ نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ شۇنداق يې-
قىلىپ كەتتىمكى، گويا بىرسى يەردىن يۇ-
لۇپ تاشلىۋەتكەندەكلا پۇچۇلىنىپ كەت-
تىم. يىقىلغاندا تىلىمنى چاينىۋالغان
بولسام كېرەك، بىر يېرى ئوت ياققاندەك
كۆيۈشەتتى.

— ۋاي خۇدايىم، بىر نېمە بولمىغانسىز؟
كەينىمدىن يېتىپ كەلگەن مەرھابا خې-
جالەت بولغاندەك جىلمايدى.

— ياقەي، ھېچنەرسە بولمىدىم، -
دېدىم ئىتتىكلا. ئەمما ئۇنىڭ كۆزىچە
يىقىلىپ چۈشكىنىم تازا ئەلەم قىلى-
ۋاتاتتى.

— ۋۇي، قان تۈكۈرۈۋاتىسىز - يا؟
چىشىڭىز ...

— ھېچقىسى يوق، تىلىمنى چىشلەپ
بەرگەن ئوخشايمەن.

— ۋاي ئىسىت، - دېدى ئۇ تولىمۇ
ئېچىنغان قىياپەتتە، - بەك قاتتىقمۇ؟

ئۇنىڭ ھەر بىر گېپى باھار ئاپتى-
پىغا، ئاغرىق توختاتقۇچى مەلھەمگە ئوخ-
شاش قەلبىمنى ئىللىتىپ، جېنىمنى ياي-
رىتاتتى. كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ
ئالدىدىكى قەدىر- قىممىتىمنى شۇنچە ھېس
قىلدۇراتتى. بىزنىڭ ئائىلىلىرىمىز
ئوتتۇرىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان
تۆت-بەش يىللىق ئارازلىشىشتىن كېيىن-
كى تۇنجى ئالاقىمىز ئەنە شۇنداق باش-
لاندى.

پېتىراپ كەتكەن قويلار يىغىلىپ يايلاق
تىنچلانغانىدى، ئەمدى قىلىدىغان باشقا
ئىش بولمىغاچقىمىكىن، بىكاردىن - بىكار
تۇرۇۋېرىشتىن سەل ئوڭايسىزلانماقتا ئى-
دىم. مەرھابا ھالىتىمدىكى بۇ قوۋۇلاشماس-
لىقنى سەزدىمۇ ياكى بايىقى ياردى-
مىمگە ئىلتىپات كۆرسەتمەكچى بولدىمۇ،
ئويلىمىغان يەردىن مېنى تاماققا تەكلىپ
قىلىپ قالدى. مەن بولسام ھاياجان-
لانغانلىقىمدىن نېمە دېيىشىمنى بىلمەيلا
تۇرۇپ قالغانىدىم. ئۇ بۇنى باشقىچە
چۈشەندى بولغاي، كۆزلىرىنى يوغان
ئاچتى:

— بېرىشنى خالىمايۋاتامسىز؟ قارى-
غاندا ئارىمىزدىكى ئاداۋەتلەر تېخى
پەسەيمەپتۇ - ھە؟

— ياقەي، نەدە ئۇنداق ... مەن ئۇن-
داق قارىمايمەن.

— مېنىڭچىمۇ، شۇنداق بولۇشى كې-
رەك، - دېدى ئۇ جىددىي تەلەپپۇزدا، -
بۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتي. ئەمدى، بۇلارني

كۆڭلىمىزدىن كۆتۈرۈۋەتكىنىمىز ياخ-
شى . شۇنداق ئەمەسمۇ ؟

ئۇ ، ئاخىرقى سۆزلەرىنى كۆزلەرىمگە
تىكىلىپ تۇرۇپ دېگۇدەك ئېيتتى . ئۇنىڭ
بۇ قارىشىدا ، ئىشەنچ - ئۈمىد ۋە يەنە
قانداقتۇر يېقىنلىق ھېسسىياتىنىڭ يارقىن
نۇرلەرى چاقناپ تۇراتتى . « تووۋا ، ئۇ-
نىڭمۇ ھېسسىياتى ئۆزگەرىپتۇ - دە ؟ را -
زىبايكامىمۇ مېنى ئۆچ كۆرمەسە بولاتتىغۇ،
بىراق ، بىزنىڭ ئۈيدىكىلەر ... » دەپ
ئويلىدىم ئىچىمدە خۇرسىنىپ .

بىز پاراڭلاشقاچ ئۇ دائىم ئولتۇرۇپ
كىتاب كۆرۈدىغان ھېلىقى ياۋا ئالمىلار
ئاستىغا كەلدۇق . ئالما ئاستىدا كىچىك-
كىنە بىر تەبىئىي « سۇپا » بولۇپ ، ئۇ-
مۇ خۇددى ئەتراپتىكىگە ئوخشاشلا ياپ-
يېشىل چىملىق ئىدى . مەرھابا ئالما
شېخىغا ئىلىقلىق بوقچىسىنى ئېلىپ سۇ-
پىغا ئەدىيال يايدى . ئۇنىڭ مۇشۇ ئى-
شىدىنمۇ بىر خىل مەدەنىيلىك چىقىپ تۇ-
راتتى . ئاندىن داستىخان ئېچىپ نان
بىلەن پىشۇرۇلغان سوغۇق گۆش چىقار-
دى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ بوقچىدىن ئې-
لىپ تاشلاپ قويغان كىتابى بىلەن خاتى-
رىسىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى .

— بىلىشىمچە ، - دېدىم مەن كىتابقا
قاراپ قويۇپ ، - دائىم ئوقۇيسىز ، يا -
زىسىز ، نېمە يازىدىغانسىز شۇنچە ؟

— قىزىقىۋاتامسىز ؟

— سورىغۇم كەلدى .

— ئەمىسە قاراپ بېقىڭ.

ئۇ شۇنداق دېگەچ خاتىرىنى ئالدىم-
غا سۇرۇپ قويدى . مەن ئۇنىڭ ئۇدۇل
كەلگەنلا بىر يېرىنى ئاچتىم ، ئۇنىڭدا :
« چارۋىلارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇشنىڭ
ئاددىي ئۇسۇللىرى » دېگەن سەرلەۋھە

ئاستىدا بىر قانچە تۈرلۈك تېخنىكىلىق
تەلەپلەرنىڭ بايانلىرى خاتىرىلەن-
گەنىدى .

— سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ، نەسىل
ياخشىلاش دېگەندەك گەپلەر ئىكەنغۇ ؟
بۇنىڭدىن كېيىن پونكىتتا راۋۇرۇس بىر
ئىشلەي دەپسىز - دە !

— بىراق ، - دېدى ئۇ چوڭقۇر خۇر-
سىنىش ئىچىدە ، - ئالىي مەكتەپكە ئۆ-
تەلمىگىنىم يامان بولدى - دە . ئەسلىدە ،
ئالىي چارۋىچىلىق مەكتىپىگە بېرىپ ، مال
دوختۇرلۇق ، يا يايلاقچىلىق كەسپىدە
ئوقۇۋالارمەن ، دېگەن ئارزۇيۇم بار ئى-
دى . بىراق ، ھەي ... دېگەن بىلەنمۇ
بىكار . ئەمدى ھېلىھەم بولسىمۇ ئۆزلۈ-
كىمدىن ئۆگىنىپ يۇرتىمىزنىڭ چارۋى-
چىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئازراق ئىزدىنىپ
باقاي دەيمەن .

— ھېلىمۇ خېلى ئىشلارنى قىلىۋەتتى-
ڭىز ، - دېدىم ئۇنىڭ ئۆز چارۋىلىرىنىڭ
نەسلىنى يېڭىلىغانلىق ئىشىنى تىلغا ئې-
لىپ ، - پاداڭلار ئاساسىي جەھەتتىن
«لىنكولىن» لىشىپ بولدىغۇ دەيمەن؟

— ھازىرچە ساپ نەسىلگە ئايلىنىپ
بولدى دېگىلى بولمايدۇ . تۆللەر يەنە
بىر ئۆرۈلگەندە ، ئاندىن ساپ نەسىلگە
ئۆزگىرىدۇ . ئۇ چاغدا قويلارنىڭ گۆش
نىسبىتى بىلەن يۇڭ نىسبىتى بىر قاتلى-
نىدۇ ، دېگەن گەپ . لېكىن بۇ ئۆزىمىز
بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا پۈتۈن رايونى-
مىزنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا
ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ . مېنىڭ-
چە بۇنى ھەممە پادىلارغا كېڭەيتسەك
ياخشى بولاتتى - دە ، بىراق پونكىتى-
مىزنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز ،
نەسىللىك قوچقارلار بەك ئاز...

مەرھابانىڭ ئېغىزىغا قاراپلا قالدىم ، ھەممە كىشى ئالدىن باي بولۇش ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا كۆيۈپ-پىشۋاتقان بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە، ئۇ ئۆز ئىگىلىكىدىن ھالقىپ ، پۈتۈن تاغلىقلارنىڭ غېمىنى يەۋاتاتتى .

— لېكىن، — دېدى ئۇ بىر تال ئالما يوپۇرمىقىنى «كوس» قىلىپ ئۆزۈۋېلىپ ، — سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇشقا چارۋىچىلىرىمىز ئانچە قىزىقمايۋاتىدۇ.

— قىزىقسىمۇ ئامالى يوق ئەمەسمۇ ؟ ئەسىللەندۈرۈش پونكىتىمىزنىڭ ئىسمى بولغان بىلەن ئەھۋالى سىز دېگەندەك تۇرسا، ئۇنى قەيەردىن كىم كېلىپ قىلىپ بېرىدۇ دەيسىز ؟

— مانا ، مەن قىلاي دەۋاتىمەنغۇ ؟

— سىز ؟

— قانداق، قىلالماسمەنمۇ — يا ؟

— ياق — ياق ، — دېدىم مەن ئالدىراپ ، — مېنىڭ دېگىنىم، ئەسىللىك قوچقارلار يېتىشمەيدۇ — دە .

— بۇنىڭ كارى چاغلىق . ئۆزاقى يىلى ئۇن قوتازغا بەش تۇياق ئەسىللىك قوچقار تېگىشسەك ، ھەممىسىلار ئەيىبلەپ كەتكەنىدىكىلار . پونكىتنىڭ يېتىشمىگەن يېرىگە بىزنىڭكىنى قوشۇپ ئىشلىتىپ تۇرساق ، ناھىيە بىلەن يېزىمۇ قاراپ تۇرماس دەيمەن .

— بۇنىڭغا رازىبايكام قوشۇلماسمىكىن ؟

— بۇنىڭدا دادامغا گەپ كەتمەيدۇ . گەپ ، يۇرتداشلارنىڭ بىزنى قوللاش-قوللىماسلىقىدا ، مەسىلەن ئېيتايلى ، دەسلەپكى سىناقنى سىلەرنىڭ پادىدىن باشلىساق ، سىلەر قوللامسىلەر ؟

— نېمىشقا قوللىمىغۇدەكمىز ؟ سىلەرنىڭ پاداڭلاردا ياخشىلانغان ئەسىللەرنى ھەممە كىشى كۆرۈۋاتىدىغۇ ؟ مانا مەن قوللايمەن سىزنى ، — دېدىم مەيدە قېقىپ .

بۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىز شۇ بولدى . دەرۋەقە ، دادام بۇ گەپنى ئاڭلا — ئاڭلىمايلا تېپىۋەتتى :

— رازىبايىنىڭ شۇملۇقىنى بىلمەمدۇ كىشى ؟ ئۇ بىزگە سالغان زىيانلىرىنى ئاز كۆرۈپ ، ئاران بالالىقتا ئەسلىگە كەلگەن چارۋىلىرىمىزنى جەممەدە ئۇجۇقتۇرۇپ تۈگەتمەكچىمىكەن ؟ پەناھ يەدۇ ئۇ ئالۋاستى . ئەسىللەندۈرۈم دەپ زەھەر ئۇرۇپ قويمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟

— ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بىلەن توختاملىشىدىكەن دادا ، شۇنداق تۇرۇپ...

— ئۇسۇرۇق گەپ ئۇ ، — دېدى دادام گېپىمنى تارتىۋېلىپ ، — بولدى ، ئۆزىنىڭكىنى ياخشىلىۋالسۇن .

دادامغا قانچە قىلىپمۇ گەپ يېگۈزەلمىدىم . شۇ تۇپەيلى مەرھابانىڭ ئالدىدا تولىمۇ خىجىل ئىدىم . ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئىشلىرىغا ياردەمدە بولالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئاجىز ، لاياقەتسىز ھېسابلايتتىم .

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەنىدى . تۇساتتىن قاتتىق زۇكام تېگىپ يېتىپ قالدىم . تۆت كۈنچىدىن كېيىن خېلى تۈزۈلۈپ قالغان بولسامۇ ، ئەتەي ئورنۇمدىن تۇرغۇم كەلمەيۋاتاتتى . بۇنىڭ سەۋەبى قايسى كۈنى مەرھابانىڭ ئالدىدا مەيدە قېقىپ قويۇپ ، دادامنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەندىلىكىمنىڭ خىجىللىقى ھەم دادامغا قېيىدىغانلىقىم ئىدى .

بۈگۈن ئورنۇمدىن تۇرۇپ تالاغا بەكمۇ چىققۇم كەلدى . راستىنى ئېيتقانىدا

دا ، مەرھابانى تولىمۇ كۆرگۈم كېلىۋاتاتتى. ئادەتتە ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرمىسەمۇ ، يان ھويلىدىن ئاۋازىنى بولسىمۇ ئاڭلاپ كۆڭلۈمنى غايىۋانىسىغا توق تۇتۇپ ياتاتتىم . لېكىن بۇنىڭدىن بەش كۈن بۇرۇن ئۇنى قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن ناھىيىگە كېتىپتۇ ، دەپ ئاڭلىدىم. مانا شۇ بەش كۈن ماڭا گويا بەش يىلدەك بىلىنىپ ، ئۆزۈمنى ئاشۇ بەش يىلدىن بۇيان تالا - تۈزنى كۆرمىگەندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم . ئاخىرى ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. چاپىنىمنى يېپىنچا قىلغىنىمچە ھويلا ئىشىكىگە چىقتىم ، خېلىلا كەچ بولۇپ قالغانىدى . كەچكى قۇياش يىراقتىكى « سېرىق قىر» چوققىسىغا قىزغۇچ رومال تاشلاپ ئاستا - ئاستا تاغلار كەينىگە شۇڭغۇماقتا ئىدى . توختاۋسىز ئۇرۇلىۋاتقان جەنۇب شامىلى ئوچۇقچىلىقتىكى قورايلارنى سىلكىشلەپ ، ئۆگزە - لاپاسلاردىن پاخال سورۇيتتى .

كۆزۈم مەھەللىنىڭ شىمال تەرىپىنى بويلاپ پەسكە چۈشۈپ كەتكەن يىلان باغرى تاش يولدا ، قۇلىقىم مەرھابالارنىڭ ھويلىسىدا ئىدى . ئاشۇ تاپ كۆزلىرىم : « ئۇ بۈگۈن كېلىپ قالارمىكىن ؟ قايسى ئەگىمدە كېلىۋاتىدىغاندۇ ؟ » دەپ تەلمۈرسە، قۇلاقلىرىم : « ئۇ كېلىپ بولغان بولسا ئۆيىدىن ئاۋازى چىقارمىكىن » دېگەن ئىنتىزارلىق ئىچىدە ئىنتىلمەكتە ئىدى .

— نېمە سوقىچاقتەك① بوسۇغىغا قونۇۋاپسىلىغۇ ؟

ئالدىمدا ، ئارغامچا ئېشىدىغان ياغاچ چىغىرىقنى قۇچاقلىۋالغان دادام قاراپ تۇراتتى .

« تووا ، ئۇنىڭ قاياقتىن كەلگىنىنى ئەجەب تۇيماپتىمەنا ؟ » دېدىم ئىچىمدە ۋە تەمتىرەپكىنە دېدىم :

— چە ... چىقىپ باقاي دەپ ... تولا يېتىپ ئۇستىخانلىرىم كېرىشىپ كەتتىغۇ - زەپ .

— چىقىۋاتقان شامالنى سەزمىدىڭلارمۇ ؟ شامالداپ قالىسىلەر يەنە .

دادام كىرىپ كېتىۋاتقاچ شۇنداق دېدى . مەن نائىلاج كەينىمگە بۇرۇلدۇمۇ ، مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن چىقىۋاتقان قانداقتۇر ماتور ئاۋازىدەك بىر سادانى ئاڭلاپ ، يەنە توختاپ قالدىم.

« مەرھابا ، مەرھابا كەلدىمىكىن ؟!» دېدى سەزگۈلىرىم ۋە ئىتتىكلا ھويلا ئالدىغا چىقتىم . دېگەندەك ، بىرزىنت يوپۇقلۇق كىچىكرەك بىر ماشىنا تۇرالغۇغا يېقىنلاپ قالغانىدى . كۆپ ئۆتمەي ئۇ ، ھويلا ئالدىغا كېلىپ توختىدى . يۈرەكلىرىم توختىماي گۈپۈلدەيتتى . قەلبىمنى قانداقتۇر بىر خىل ھاياجان تۇيغۇسى قاپلىۋالغانىدى .

ماشىنىدىن بىرىنچى بولۇپ سېرىتتىملىق چاپىنىنى كارنىيىغىچە ئېتىۋالغان سېرىق چاچ بىر يىگىت چۈشتى . ئاندىن تېشىغا شامال چاپىنى كىيىۋالغان ، ئوتتۇرا ياشلىق ئىككى كىشى ، ئاخىرىدا مەرھابا چىقىپ كەلدى . مەن دەسلەپ تەمتىرىدىم . كېيىن ئۇنىڭ ماڭا تەبەسسۇم ئىلكىدە قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئالدىغا باردىم .

— قانداقراق، ساقىيىپ قالدىڭىزمۇ؟- سورىدى ئۇ مەن ئېغىز ئاچقىچە . مەن جاۋاب ئورنىغا تىنچلىق سورىدىم:

---

① تۆمۈر تۇمشۇقنى دېمەكچى.

www.uyghurkitap.com



— ئۆزىڭىز تىنچ كەلدىڭىزمۇ ؟ ئە-
جەب ... ئەجەب ئۇزۇندا كەلدىڭىز يا؟

— ئىشلارنى ئەرجىملەپ بولغۇچە ئىك-
كى - ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى ، قاراڭ ،
ناھىيە ۋە يېزىدىن تېخنىك يولداشلار
كەلدى . تېخى ئۇن تۇياق نەسىللىك
قوچقارمۇ بار ! ئەمدى نەسىل يېڭىلاش
ئىشىمىز كېڭىيىپ كېتىدۇ - دەڭا!

ئۇ تولىمۇ خۇشال ئىدى ، تەبىئىتى
ھەر قاچانقىدىنمۇ ئوچۇق ، تېتىك ئىدى.
ئۇنىڭ تۇرقىدىكى ئاشۇ يېقىملىقلىقى
ۋە ئۇزايىدىكى شادلىققا جۆر بولدۇم -
مىكىن ، ياكى قىز بالا بولغىنىنى بە-
لەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان
جاسارىتىدىن سۆيۈندۈممىكىن ،
ئەيتاۋۇر مېنىڭ كۆڭلۈممۇ قەۋەتلا خۇش-
لۇققا تولغانىدى، بىز ئاشۇ پاراڭلاردىن
كېيىن، ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. مەر-
ھابا نەرسىلىرىنى ئېلىۋېتىپلا ئۇلارنى باش-
لاپ تەسىللەندۈرۈش پونكىتىغا كېتىپ
قالغانىدى.

شۇ كېچىسى ئۇيقۇم پۈتۈنلەي قاچتى.
تۈن بويى ئۇنى ۋە ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىش-
لىرىنى ئويلاپ چىقتىم. قايسى كۈنى دا-
دام ئۇنىڭ پىلانىنى رەت قىلغاندىن كې-
يىن بىر مۇنچە ئائىلىلەرگە ئۇنىڭ يامان
گېپىنى قىلىپ، ئۇلارنىڭمۇ «ئېھتىيات» قى-
لىشى توغرىسىدا بىر مۇنچە ئۆسەك سۆز-
لەرنى قىلىپ يۈرۈپتىكەن. مەن بۇنىڭدىن
تولىمۇ ئەنسىرەپ مەرھابا بۇ گەپلەرنى
ئاڭلىسا ئىشىدىن سوۋۇپ قالارمىكىن،
ئارزۇلىرىغا يول ئاچالماي ئازابلىنىپ يۈ-
رەرمىكىن، دەپ ئەندىشىدە قالغانىدىم.

دەرۋەقە، مەرھابا بۇنىڭلىق بىلەن توخ-
تاپ قالمىدى. گويا ھېچقانداق گەپ -
سۆز ئاڭلىمىغاندەكلا ئۆز ئىشىنى باشقا
پادىلاردا داۋاملاشتۇرۇۋەردى. بىلىشىمچە
ئۇ ئۈچ ئائىلىنىڭ بەش يۈز تۇياقتىن ئارتۇق
ساغلىقىنى «لىنكولىن» نەسلى بىلەن
نەسىللەندۈرۈپ بولغانىدى. مانا ئەمدى
ئۇنىڭ ئىشىنى يېزا، ھەتتا ناھىيە قول-
لاپ مەخسۇس يېتەكچىلەرنى ئەۋەتىپتۇ.
ئۇنىڭ ئارزۇ ئىستەكلىرى پۈتۈن تۇرادا
چېچەك ئېچىش ئالدىدا تۇراتتى. مەن
ئەنە شۇلارنى ئويلىغانسېرىم ئۇنىڭغا تې-
خىمۇ قايىل بولماقتا ئىدىم.

...ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى،خاس كەنتى-
مىزدىنلا يىگىرمە بەش ئائىلىنىڭ پادىسىنى،
گويا كۆكتىن بۇلۇت قونغاندەكلا توپ-توپ
«لىنكولىن» تۆللىرى قاپلاپ كەتتى.
بۇ كۈنلەردە دادام پات - پات ئاشۇ پادى-
لارغا تىكىلىپ قارايتتى. ئىچىدە نېمى-
لەرنىدۇر تەستىقلىغاندەك، كاللىسىنى گىلى-
دىڭلىتىپ قويىدىغان بولۇپ قالغانىدى.
ئۇنىڭ يەنە ماڭا بىر قانداق گەپنى دې-
گۈسى باردەكمۇ قىلاتتى. لېكىن گەپ تې-
شىشكە قىينىلاتتى.

— لوكولۇك① قويى دېگەن ئالامەت يو-
غىنايدىغان نېمىكەنغۇ-بۇ؟ - دەپ قالدى
ئۇ، بىر كۈنى توساتتىن ، - رازىباي قوي
قىرقىۋاتقانىكەن، قارىسام بىر قويدىن
ئالەمنىڭ يۇڭى چىقىۋاتامدۇ؟

بۇ، ئۇنىڭ ئىككى يىلدىن بېرىقى ئە-
مەلىيەت ئالدىدا ئاخىرى قايىل بولغىنى
ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىچىنى تېخىمۇ كۆي-
دۈرۈپ قويدۇم:

— بۇ يۇڭنىڭ باھاسىنىڭ ئۆرلىكىنى
دېمەيسىز تېخى، بىر كىلوسىنى ئون بەش
كوي ئالىدىكەن، جۇمۇڭ! رازىباي كاملار
بۇ يىلقى يۇڭ پۇلى بىلەن يايلاققا مەب-
لەغ سالىمىز، دېيىشىۋاتىدۇ.

① «لىنكولىن» نىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى.

— نېمىكەن ئۇ، مەبلەغ دېگىنى؟-دېدى
دادام مەنىستىمىگەن تەلەپپۇزدا، - ياي-
لاقتا بىر نەرسە قۇرامدىكەن؟ قەۋەتلەپ
ئۆي سالامدىكەن - يا؟

— بۇ دېگىنىچۇ، يايلاق شارائىتىنى ياخ-
شىلاشقا پۇل خەجلەيمىز، دېگىنى. مەرھا-
بانىڭ دېيىشىچە ئۇلار«سېرىق قىر»دىكى
تۇزلەڭگە ئوت ئۇرۇقى چېچىپ يايلىقىنى
كېڭەيتىدىكەن.

دادام يەنە مەسخىرىلىك كۈلدى:

— خى! بۇ ساراڭلارنىڭ قىلمىغان شۇ
ئىشى قالغانىدى . تاپقان - تەرگىنىنى
«سېرىق قىر» نىڭ توپىسىغا كۆمۈۋېتەيلى،
دېگەن چېغى.

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر غۇدۇڭشىغىنىچە
تالاغا چىقىپ كەتتى.

مەرھابا ئەمدى پۈتۈن تۇرادا ئەتى-
ۋارلىق شەخسكە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇباش-
لىغان نەسىل ياخشىلاش يولى بارغانسې-
رى كېڭەيمەكتە ئىدى. ئۇششاق چارۋى-
لاردىن ھالقىپ چوڭ چارۋىلارنىمۇ نەسىل
ئالماشتۇرۇش، قايسىبىر كېسەللىكنىڭ
ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئۇردۇرۇش،
يەنە ئاللىنېمىلەرنىدۇر ئەمەلىيتىش ئۈچۈن
ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈ-
زۈلمەيتتى. بۇ كۈنلەردە ناھىيىلىك ئوت-
لاقچىلىق پونكىتى ئۇلارغا ھەقسىز مەبلەغ
سېلىپ بېرىپ، يايلىقىنى قاشالاشتۇرۇش،
ئۇرۇق چېچىپ كېڭەيتىش، ئېغىل - قوتان،
ۋاننا كۆلچىكى ياساشتەك ئىلمىي بېقىش
ئىشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ بېرىۋاتاتتى.

مانا شۇ ئىشلار بولۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ
بىرىدە، مەرھابا ئۇزاقى يىللى ناھىيىدىن
باشلاپ كەلگەن ھېلىقى سېرىق چاچ يى-
گىت يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ، گويا
مەخسۇس مەرھابا ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان-
دەكلا پۈت - پۈتىغا تەگمەي چېپىپ يۈرەت-
تى. ئىككىسى ماڭسىمۇ، تۇرسىمۇ بىللە، بىل-
لىلا ئىدى. بەزىدە يىگىت نېمىلەرنىدۇر سۆز-
لەيتتى، ئاللىقانداق كىتابلارنى ئېچى-
ۋېلىپ، بىرنېمىلەرنى يازدۇراتتى. گاھى
كۈنلىرى كېچىك - كېچىك شېشىلەرگە
ئاللىنېمىلەرنىدۇر قۇيۇپ تەڭشەپ چۈشە-
دۈرەتتى. بۇ ۋاقىتتا مەرھابا مېنى ئۇن-
تۇپلا كېتەتتەك ئىدى. بىرەر - ئىككى
كۈن ئەتەيگە كۆرۈنمەي كەتسەممۇ، ئىل-
گىرىكىدەك يوقلاپ كەتمەيتتى. ئەكسىچە
ھېلىقى سېرىقباش يىگىتكە بېرىلىپلا
كەتكەنىدى.

تۇرۇپ - تۇرۇپ ئىچىم تىتىلداشقا باش-
لىدى. كۆڭلۈمدە ئاشۇ ياش يىگىت ئۇنى
ئېلىپلا قاچىدىغاندەك، ئۇنىڭدىن ئەبەدىي
ئايرىلىپ قالىدىغاندەك
ئەنسىرىمەكتە ئىدىم. ئىككى-
سىنىڭ بىرگە تۇرغىنىنى، بىرگە يۈرگىنى-
نى كۆرسەملا يۈرىكىمنى بىر نەرسە تاتى-
لاۋاتقاندەك ئازاپلىنىپ كېتەتتىم.

بىر كۈنى خۇددى «كۆتۈرەلمەسەڭ
ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك جېنىمغا تېگىدى-
غان بىر ئىش يۈز بەردى. كەچ كىرىپ،
قۇياش غەربتىكى تاغلار كەينىگە قىيسايى-
ماقتا ئىدى. مەن قىشلىق قوتاننىڭ بۇ-
زۇلغان جايلىرىنى تۈزەشاۋاتاتتىم، شۇچاغ-
دا ھېلىقى يىگىت بىلەن مەرھابا قاي-
سىبىر يايلاقتىن كېلىۋاتسا كېرەك، ئۇ-
دۇلدىكى جىلغىدىن ئاتلىق چىقىپ كەل-
دى. ئۇلار دەسلەپ يانىمۇ يان كېلىۋا-
تاتتى. كېيىن نېمىشقىدۇر مەرھابا ئالدىغا
ئۆزۈپ كەتتى، يىگىت ئۇنى قوغلاشتى. يې-
تىشىپ كېلىپلا مەرھابانىڭ ياغلىقىنى يۇ-
لىۋالدى - دە، ئالغا ئۆتۈپ كەتتى. يى-
گىت ياغلىقىنى بېشى ئۈستىدە پۇلاڭلىتىپ

بىر نېمىلەرنى تووۋلايتتى، مەرھابا قاقلاپ كۈلگىنىچە يىگىتنى قوغلايتتى. يىگىت شۇ چېپىشىدا ئۇدۇل پونكىت تەرەپكە كەتتى. مەرھابا مېنىڭ ئۇدۇلۇمدا توختاپ ئاتتىن چۈشتى:

— قىشنىڭ تەييارلىقىنى بالدۇرلا قىلىۋالاي، دەپسىز ـ دە؟ ـ دېدى ئۇ ماڭا قاراپ كېلىۋېتىپ. مەن جاۋاب ئورنىغا كۈلەيدىم:

— سىز... سىز ئازراق يوغانچىلىق قىلىدىك، جۇمۇك؟!

مەرھابا تۇرۇپ قېلىپ، ماڭا تەئەججۇپ بىلەن تىكىلدى، ئۇنىڭ چوڭ قارا كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ كەتكەندى.

— نېمە دەۋاتىسىز، ئەزىمەت؟ گېپىڭىزنى ئاڭقۇرالمايلا قالدىمغۇ؟

— ئاڭقىرالماسمىش!ـ دېدىم مەن يەرگە بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ،ـ ماڭا كۆز ـ كۆز قىلماقچىمىدىڭىز؟!

— نېمىنى دەيسىز؟

— ئاۋۇ سېرىق تۈك ئوتلاقچىڭىزنى دېمەي، يەنە كىمنى دەيتتىم؟

— هە... دودىڭىزنىڭ تۇتۇشى مۇشۇنىڭ ئۈچۈنكەن ـ دە؟ ـ ئۇ گويا بۇگەپلىرىمنى پەرۋايىغا ئالمىغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، بۇ هال تېخىمۇ جىنىمغا تەگدى.

— ئادەمنى قارانچۇقچىلىك بولسىمۇ كۆزىڭىزگە ئىلىپ قويۇڭ، بولمىسا...

— بولمىسا نېمىتتى؟ مېنى ئۇرۇۋېتىدىغان ئوخشىمامسىز؟

مەن، كېيىنكى گېپىمنى نېمە ئۈچۈن دېگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، مەرھابا جاۋابەن ئاشۇلارنى دېدى ـ دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەكس ساداسى يېقىنىمدىكى جىرادىن قايتىپ، پۈتۈن يايلاق ئاسمىنىغا تارالدى، مەن ئەلىمىمگە پايلىماي، قولۇمدىكى بىر تۇتام قورايىنى نەلەرگىدۇر چۆرۈۋېتىپ، قارىماي كەتتىم.

هەپتىگىچە ئۇنىڭغا قارىمىدىم، كۆڭلۈمدە ئۇ مېنى ياراتماي مازاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ گىنە تۇتاتتىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ، ئويلىمىغان يەردىن مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى، ئۇ چاغدا مەن سېلوس باسىدىغان ئورىغا ئىشلەۋاتاتتىم. بىر كەمدە ئۈستۈمگە «توككىدە» قىلىپ بىر تال چالما چۈشتى، ئورا بېشىدا مەرھابا كۈلۈپ تۇراتتى.

— ساراڭ، ـ دېدى ئۇ كۈلۈپ ، ـ تازا ساراڭكەنسىز جۇمۇك؟ تېخىچە قىيىداپ يۈرۈپسىز ـ هە؟

مەن قاپىقىمنى ئاچماستىن چەتكە قاراپ تۇرۇۋەردىم.

— بولۇڭ، ـ دېدى ئۇ، ئورا ئۈستىدىن قولىنى سۇنۇپ،ـ ئورىدىن قايتىپ چىقىڭ، سىزگە دەيدىغان مۇهىم گەپ بار.

ئۇ قولۇمدىن تارتتى، مەن تېخى شۇكەمگىچە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ باقمىغانىدىم. قوللىرىمىز بىر ـ بىرىگە سىقىلىشى بىلەنلا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تولىمۇ ئىللىق بىر سېزىم تاراپ كەتكەندەك بولدى. بىز دەريا بويىغا چۈشتۇق، ئۆيلىرىمىزدىن تەخمىنەن مىڭ مېترچە نېرىدىكى ئويمانىدىن سۈپ ـ سۈزۈك تاغ سۈيى ئېقىپ ئۆتەتتى. بىز دەريا ئېقىنىنىڭ ئەڭ شالاڭ ئاقىدىغان بىر يېرىنى تاللاپ سۇ ئىچىدىكى قورام تاشلارنىڭ بىرىدىن ئورۇن تۇتتۇق.

— سىز تازىمۇ قۇۋكەنسىز، ـ دېدى ئۇ گېپىنىڭ بېشىدىلا، ـ مېنى يامان كۆرۈپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا ئەلچى كىرگۈزدىڭىز؟

مەن هاڭ ـ تاڭ ئىچىدە ئۇنىڭ يۈ-

زىگە قارىدىم:

— ئادەمنى تولا ئەخمەق قىلىپ ئوينىماڭ جۇمۇڭ، كىم ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ؟

— ئانىڭىز، ئاناڭغا قۇلاق ئۇرۇپتۇغۇ؟

ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ئەتىيازدىن ئاكام ئارقىلىق ئانامغا ئېيتقانىدىم. مەرھابا توغرىسىدىكى تەلپىمگە ئانام تازا خۇش بولغان بولسىمۇ، دادام كونا ئاداۋىتىمىزنى دەپ ئېغىز ئاچقىلى ئۇنىمىغانىدى. مانا ئەمدى ئېيتقان بولسا، ئۇلار نېمە دەپ جاۋاب بېرىشتىكىن؟

— سىز... سىز نېمە دېدىڭىز؟ — سورىدىم مەن ئىشەنچسىزلىك بىلەن.

— نېمە دەيتتىم؟ بۇنداق گەپنى تېخى ئوغلىدىن ئاڭلاپباققىنىم يوق، دېدىم ـ دە.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم، دېمىسىمۇ، بۇ ھەقتىكى شېرىن خىياللارنىڭ نېرۋىلىرىمنى كاردىن چىقىرىپ بولاي دېگەنىگە قارىماي مەرھاباغا چىش يېرىپ بىر نېمە دەپ باقمىغانىدىم. دېگۈم بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئېغىزىمدىن چىقىرالماي كەلگەنىدىم.

— يۇنىسىغۇ راست، — دېدىم تەن ئېلىپ، — لېكىن، نېمىشقىكى سىزنى كۆرسەملا تىلىم تۇتۇلۇپ، ئېغىز ئاچالمايدىكەنمەن.

— ئېغىز ئاچالمايدىكەنسىزغۇ — دېدى ئۇ، ئەتەيگە دوسىيىپ، — قايسى كۈندىكىدەك گۈركىرەپ ئادەم قورقىتىسىز، ئەگەر، ئاچقان بولسىڭىز نېمە بولاتتىكىن تاڭ؟

گۈزەللەرنىڭ نازلىنىپ قاپاق تۈرىشىمۇ بىر خىل گۈزەل خۇلۇقنى نامايان قىلىدىكەن. مەرھابانىڭ شۇ تاپتىكى نازلىق دوسىيىشىمۇ ئۇنىڭغا ئاجايىپ بىر خىل لاتاپەتلىك تۈس بەرگەنىدى. مەن ئاستاغىنا ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم:

— بولدى، تەگەۋەردىسىڭىزچۇ ئەمدى، خاپا بولغان يېرىڭىزگە قوتاز سويۇپ چاي قىلاي.

— قوتاز دېگەننى تويدا سويارسىز؟

— سىز... سىز رازىمۇ سىز؟

— نېمىگە؟

— شۇ... تويغىچۇ؟

مەرھابا كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ قىقىنا كۈلدى.

— ئوتلاقچىغا تەگمەيسىز؟ — سورىدىم قەستەن.

ئۇ، جاۋاب ئورنىغا خۇددى ئۆتكەن قېتىمقىغا ئوخشاش قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— سىز تېخى بىلمەيدىغان ئوخشىمامسىز؟ ئۇ دېگەنچۇ؟ مېنىڭ بىر نەۋرە ئاكام بولىدۇ. ھېلىقى كۆكيارىدىكى ھاممامنىڭ ئوغلى ئەمەسمۇ ئۇ؟ شۇنىڭدىن كۈنلەپ يۈرگىنىنى.

مەن قۇلاقلىرىمغىچە قىزىرىپ كەتتىم. شۇ كۈنى دەريا بويىدا تولۇق يېرىم كۈن پاراڭلاشتۇق. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قەلبىمىزدە پىنھان تۇتۇپ كېلىشكەن سىرلىرىمىز تۇنجى قېتىم ئازادلىققا — ئىككى يۈرەك ئوتتۇرىسىدىكى ئاشكارا سورۇنغا چىقتى.

بۇ يىلقى كۈز، تاغ — تۈرايىمىزغا ئۆزگىچە تۈس ئېلىپ كەلدى. ماڭا ئەمدى ئانا تاغ قوينى، ئۇ يەردىكى ھايات تولىمۇ گۈزەل، بەختىم شۇ قەدەر شېرىن تۇيۇلماقتا ئىدى. خۇسۇسەن سېنتەبىرگە ئون بولغان مۇشۇ كۈننىڭ شادلىقى قەلبىمگە سىغمايتتى، چۈنكى ئەتە تويىمىز بولاتتى.

مانا شۇ ۋەجىدىن ئىككى ھويلا ئارىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىقىدىكى قېرى تاغ سۆگىتىنىڭ ئاستى ئەتىگەندىلا قىزىپ كەتتى. شۇتاپتا قوشنىلاردىن سەككىز - ئون كىشى، سۆگەتكە باغلاپ قويۇلغان قوتاز، پاقلانلارغا خېرىدار قىلىشىۋاتىدۇ. ماڭا شۇنداق بىلىنىدىكى ياكى ئۇلارمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ شادلىقى ئۈچۈن خۇش بولۇۋاتامدىكىن، دادام بىلەن رازىيا يىگاملارنىڭ قەلبىدىمۇ گويا قۇربانلىق ئۈچۈن مال سويغىلىۋاتقاندەك بىر خىل ئىپتىخار ۋە غۇرۇر كېزىدۇ.

دەسلەپ قوتازلار يىقىتىلدى. دادام بىلەن رازىيا يىگام دۇئا ئۈچۈن ئەمدىلا قول كۆتۈرگەنىدى، نەسىللەندۈرۈش پونكىتى تەرىپىدىن بىرسى ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. بۇ، ئابىخان ئىدى.

— توختاڭلار، بو... بوغۇزلىماڭلار! — دېدى ئۇ ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ، — توي... تويىنى توختىتىدىغان بوپتۇق.

يۈرىكىم قارتىتىدە قىلىپ قالدى. كۆڭلۈمگە يەتمىگەن ئىشلار يېتىپ، قېنىم ئۇيۇپ قالغاندەكلا بىر خىل ھەرىكەتسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدىم. بۈرناقى كۈنى مەرھابانى ناھىيىدە ئىككى كۈنلۈك يىغىن بارئىكەن دەپ چاقىرتىپ كەتكەنىدى. ھېسابتا ئۇ بۈگۈن كەچ قايتىپ كېلىپ بولاتتى. مانا ئەمدى ئۇ يولدا بىرەر خەتەرگە يولۇقۇپ قالغاندىمۇ-يا؟ ئۇنىڭ ۋەدىسى ئۆزگىرىپ قالغاندىمۇ؟

مەن سارىسىمە ئىچىدە شۇلارنى ئويلاپ تۇراتتىم، شۇ ئارىدا دادام ئابىخاننىڭ ئالدىغا كەلدى - دە، ياقىسىدىن ئالدى:

— سەن... سەن نېمە دەۋاتىسەن-ھە؟! تويىنى نېمىشقا توختىتىقۇدەكمىز؟

— تاش... تاشخۇن ئاكا، بۇ...— ئابىخانمۇ گاڭگىراپ قالدى.

— ئېيتە، زادى نېمىشقا توختىتىقۇدەكمىز؟ تويىنىڭ ئىگىلىرى مانا ئۆزىمىز تۇرساق، كىمنىڭ گېپىكەن ئۇ؟!

— ئاۋۋال ياقامنى قويۇۋەتمەمسىز؟ — دېدى ئابىخان سەل تىرىكىپ، — بايا تېلېفوندا مەرھابانىڭ ئۆزى شۇنداق دېدى. ئۇ ئەتە، يايلاققا ئوت ئۇرۇقى چاچقىلى ئايروپىلان ئەپكېلىدىكەن. تويىنى بەش - ئون كۈن كېچىكتۈرەيلى، ئېيتىپ قويۇڭ دېدى.

يۈرىكىم ئەمدىلا ئىزىغا چۈشتى. ئەتراپنى بولسا تەئەججۈپ، ھاياجان ئاھاڭىمىكى-گۇڭۇرلاشلار قاپلىدى.

— ئايروپىلان دېدىڭما؟

— بىزنىڭ مۇشۇ يەرگە ئايروپىلان كېلەمدىكەن؟

— قالتىس خەۋەركەنغۇ، بۇ!

— ياسىغان مەيدانىمىز بىكارغا كەتمەيدىكەن-دە؟

— مەرھابا يەنە، ئەتىيازدا «سېرىق قىر» تۈزلەڭگە ياسىغان ئايروپىلان مەيدانىغا موما بېكىتىپ، بايراق ئېسىپ قويۇشىمىزنى تاپىلىدى، — دېدى ئابىخان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

ئەتىسى، راستىنلا يايلاق ئاسمىنىنى ئاجايىپ بىر خىل سادا لەرزىگە سالدى. كىشىلەر ئۆي - ئۆيلەردىن چىقىپ ئاسمانغا قارىشاتتى. بالىلار بۆكلىرىنى پۇلاڭلىتىپ يۈگۈرۈشەتتى، ئادەملەر توپى «سېرىق قىر» تۈزلەڭدىكى مەيدانغا قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي، ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان قوش قاناتلىق بىر «قۇش» مەيدانغا قوندى. ئىچىدىن ئاۋۋال مەرھابا، ئاندىن ھېلىقى سېرىقباش ئوتلاق

چى قاتارلىق تۆت ـ بەش كىشىچۇشتى.

كىشىلەر توپى خۇددى ئۇۋۇسى چۇۋۇلغان ھەرىلەردەك ئايىروپىلان ئەتراپىغا يوپۇرۇلدى. مەرھابانى گويا ئاشۇ توپ يۇتۇپ كەتكەندەك خېلىغىچە كۆرۈنمەي قالدى. ھەممە كىشىنىڭ قەلبىدە شادلىق، كۆزلىرىدە ئاناماكانىنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئىپتىخارلىق نۇرلىرى جۇلالايتتى. ئەنە شۇ چاغدا دادامنىڭ مەگزىلىرى ئۇستىدە ساقىشىپ تۇرغان ئىككى تامچە ياشنى كۆرۈپ قالدىم. قارىغاندا ئۇمۇ خەلق ھۆكۇمىتىنىڭ، ئەزەلدىن نامرات ئاتىلىپ كەلگەن بۇ جىلغىغا قىلىۋاتقان غەمخورلۇقى ۋە يار-يۆلىكىدىن تەسىرلەنگەنىدى.

بىرەر سائەتكە سوزۇلغان ئالقىش، تەنتەنە، تاماشىدىن كېيىن، ئايىروپىلان ماتورى قايتىدىن گۈرۈلدەشكە باشلىدى. كىملەرنىڭدۇر دەۋىتى بىلەن كىشىلەر توپى سىرتقا چىقىرىلىپ، ئۇرۇق قاچىلانغان ئايىروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ خۇددى ئۆز كۆكسىدىن يامغۇر تۆكۈۋاتقان بىر پارچە بۇلۇتقا ئوخشاش كەينىدە تالا ـ تالا قوقان ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ ئۇچماقتا ئىدى.

ياندۇرقى يىلىنىڭ باھارى بەھىساب چىرايلىق كەلدى. مەرھابانىڭ ئۆز ئىگىلىكىدىن باشلىغان تەرەققىيات يولى، پۈتۈن تاغ تۇرانى بۆككىدە گۈلگە كۆمدى. ئۆتكەن يىلى ئايىروپىلان بىلەن چېچىلغان ئۇرۇقلار باھار كېلىشى بىلەن تەكشى بىخ يېرىپ، ھەممە يەرنى يېشىللىق قاپلىدى. ئەسلىدىكى كۆيۈك سايلار، قاقاس تۇزلەڭلەر مەخمەلدەك جۇلالىنىپ، كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك يېشىل يايلاقتا ئايلانغانىدى.

تويىمىز بولۇپ ئالتە ئايدىن كېيىن مەرھابا يەنە بىر ئىشنى كۆتۈرۈپچىقتى:

— يەنە ئىككى ئادەم يالـلاپ، مالچىلارنى كۆپەيتسەكمىكىن؟ — دېدى ئۇ، بىر كۈنى قىرقىلغان يۇڭلارنى تۇرگە ئايرىۋاتقىنىمىزدا.

— ئادەم ياللاپ نېمە قىلىمىز؟ ئىلگىرى ياللىغان ئىككى ئادەممۇ يېتىشىۋاتىدىغۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىمىزمۇ تۇرساق.

— ياق، — دېدى ئۇ نېمىلەرنىدۇر ئويلىغاندەك قىلىپ، — بىز ئەمدى پادىلارنىڭ كەينىگە چېتىلىپ يۈرۈۋەرسەك بولمىغۇدەك.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ — دېدىم چۈشەنمەي، — شۇ چارۋىنى باقمىساق نېمىش قىلارمىز بۇ يەردە؟

— باشقا ئىش قىلمايمىزمۇ؟ قاراڭ، ھازىر ئىسلاھات دەۋرى، كېڭەيتەيلا دېسەڭ ئىگىلىكنىڭ تۈرى دېگەن ناھايىتى كۆپكەن، بىز نېمىشقا شەھەرلىكلەرنى دورىيالمايمىز؟ مەن مۇنداق بىر پىلاننى ئويلاۋاتىمەن. ئەمدى شارائىتىمىز پىشتى، ئىككىمىز مالدىن ئاجراپ تىجارەت يولىغا كىرەيلىمىكىن، دەۋاتىمەن.

— نېمە دەيدىغانسىز، سودىگەرچىلىك قىلىمىزمۇ ئەمدى؟

— بىر ھېسابتا شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ. بىز شەھەرگە گۆش، سېرىقماي، تىرىك چارۋا، يۇڭ ـ تېرە دېگەندەكلەرنى يۆتكەيمىز. مەن ئۇچۇر توپلاپ دوگۋار تۈزىمەن، سىز ماڭا مال تەقلەپ بېرىسىز، قانداق؟

ــ ئەجەب چوڭ گەپلەرنى قىلىپ كەتـ
تىڭىزغۇ، مەرھابا؟ بۇ، بۆكۈمچىلىك يەرـ
دىن قانچىلىك مال چىقىماقچىدى؟

ــ ياق، ـ دېدى ئۇ يەنە ئېتىرازبىلـ
دۈرۈپ، ـ سىز مەھەللىسىگىلا ئەمەس،
پۈتۈن تاغ تۇراغا نەزەر سېلىڭ، ھازىر
ھەممە ئائىلىلەرنىڭ ئىگىلىكى زورىيىپ،
چارۋىسى نەچچە ھەسسىگە يەتكىلىۋاتىدۇ.
چوڭ چارۋىلارمۇ ياىلاققا سىغمىشماي كەتـ
تى. بۇلارنى بېقىشتىن مەقسەت نېمە؟
بىر ياقتىن بېقىپ، بىر ياقتىن سېتىپ
خەجلەش ئەمەسمۇ؟ لېكىن، بىزنىڭ بۇ
يەردە، ساتاي دېگەنىدە بازار يوق، شەـ
ھەرگە ئاپىرىشقا بولسا يا شارائىت يوق.
مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىز بىرشىرـ
كەت قۇرۇپ، پارچە ئېلىپ، توپ يۆتكىسەك
بۇنىڭ باشقىلارغىمۇ، ئۆزىمىزگىمۇ پايدىـ
سى تەگمەسمۇ؟



ئۇ يەنە دېگىنىنى قىلدى. بۇ پىلان
كەنت كومىتېتىغىمۇ ياغدەك ياققانىدى.
كۆپ ئۆتمەي ئالتە ئائىلە ئۆز ئارامەبـ
لەغ قوشۇپ، راستىنلا بىر شىركەت قۇرـ

دۇق، ئەلمىساقتىن تارتىپ بازار بولۇپ
باقمىغان بۇ جىلغا ئەمدى ياىلاق ـ يايـ
لاقتىن كېلىۋاتقان «بازارچى» لار، مال
ئېلىپ، مال توختاملىشىۋاتقان ئالارمەنـ
ساتارمەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان
«جىلغا بازىرى»غا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.
مەرھابا شەھەر بىلەن تۇرا ئارىلىقىدا
زاكاز توپلاپ، توختام تۈزۈش بىلەن، مەن
بولسام يەنە تۆت ـ بەش يىگىت بىلەن
ياىلاقمۇ ياىلاق يۈرۈپ مال سېتىۋېلىش
بىلەن كۆنلەرنىڭ قەيەردىن كېلىپ، قەـ
يەرگە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىشمەي قاـ
لاتتۇق. ئارىدا بىر قانچە ئائىلىلەر كىـ
چىك ـ كىچىك بوتكىلارنى ئېچىپ «جىلـ
غا بازىرى» غا يەنە ھۆسن پەيدا قىلدى.

بىر كۈنى شىركىتىمىزنىڭ بىر يىللىق
پايدىسىنى ھېسابلىشىۋاتاتتۇق ، شەھەردە
تۇرۇۋاتقىنىغا ھەپتە بولغان مەرھابا ناـ
ھايىتى ئالدىراش چىقىپ كەلدى، ئۇ ئۆزـ
بېكىستاننىڭ قايسى بىر شەھىرى بىلەن
مىڭ تۇياق بورداق قوي سېتىپ بېرىش
توختىمى تۈزگەنلىكىنى، مالنى بىر ئاي
ئىچىدە ناھىيىدىكى يەنە بىر شىركەتنىڭ
ۋەكالىتەن يەتكۈزۈپ بېرىشكە كېلىشكەنـ
لىكىنى ئېيتىپ چىققانىدى.

يايلىقىمىزنىڭ دۆلەتتىن ھالقىپ،
خەلقئارا بازارغا كىرگەنلىكى توغرىسىدىـ
كى بۇ خۇش خەۋەر، تاغ تۇرانىڭ ئۆزـ
ئۆزىگە بولغان پەخىرلىك ھېسسىياتىنى
يەنە بىر قېتىم قوزغىۋەتتى.

# هازازۇل

( هېكايە )

ئەزىز سەيدەخمەت

— كۆزىگە ماي تولۇپ قالغان جۇۋايىنەك، ئۇچۇ،- ئۇ ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ تۇرۇپ، بېشى بىلەن كۆرسىتىپ قايىندى،- مۇشۇ تال - بوستانلىق هويلا، گۈل - نەقىشلىك هەشىمەتلىك قورۇ، تىقىلىپ كەتكەن ئۆي ئىچى، تام - تورۇسلاردىكى زىلچا - گىلەملەرنى دېمىسە، ساڭا قارايتتىمۇ، هەي هاماقەت، هەي هاماقەت! سېنىڭچۇ، بويۇڭ بولغان بىلەن ئەقلىڭ يوق. ئىست! سېنى چوڭ شەهەردە ئوقۇيدۇ، كۆپنى كۆرگەن دېگىنىم. نېمە؟ قۇرۇق گەپ قىلما، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، دەمسىنا تېخى؟ ئاۋازىڭ يىغلامسىرىغاندەك چىقىدىغۇ؟ تىترەيسەنغۇ؟ پېژقىرىم ئىسسىقتىمۇ توڭلاۋاتامسەن؟ ماڭا قارىغىنا! نېمىنى بىلەتتىڭ دەپ قاپسىنا؟! مەنچۇ، مەن دېگەن سېنىڭ ئاناڭ، ئائىلە ئايالى بولسامىمۇ، هەممىنى بىلىمەن. يەتتە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يىلاننىڭ تىۋىشلىرىنىمۇ بىمالال سېزىۋالالايمەن. «بولاشلاغىنىڭ ئۆزىدىن مەلۇم». خېنىمىڭ كەلسىچۇ، هېلىتتىن ئۆيىنىڭ ئىچى - تېشىغا ئوغرىدەك ئالا قويماي قارايدۇ، ماڭا كېلىن بولۇپ چۈشكەنىڭ ياغى بەرەر ئايلىق ماناش پۇلىنى ئىختىيارىچە تەڭلەپ، خەجلەپ باقسىلا دەپ بېرىپ بېقىپتىمۇ؟ قاچان بىرەر يېڭى كىيىم كېيگىنىمنى كۆردىمۇ — ئۈستى - بېشىمغا قاراپ غۇچچىدە بولىدۇ، خۇددى مەن ئۇ بىر نېمىنىڭكىنى سالدۇرۇپ كېيگەندەك. هە، يەنە نېمە دېگۈڭ كېلىۋاتىدۇ، گېپىمگە قوشۇق سالاي دەمسەن؟

«جېنىم ئانا» دېمىسەڭمۇ، مەن سېنىڭ ئاناڭ! سۈسىز قالغان ئاپتاپپەرەسنىڭ يوپۇرماقلىرىدەك سالپىيىپ قالدىڭغۇ؟ هەي، مەن سېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان ئەمەسمىدىم؟! ئۇنىڭ نەرىنى ياخشى كۆرگەنسەن؟

يا ئاتا - ئانىسىنىڭ قول ئىلكىدە يوق، يا ئۆي - بىساتىنىڭ ساپاسى يوق. يەنە تېخى، «ئۆيىنىڭ ساپاسى بولمىغان بىلەن كۆڭلىنىڭ ۋاپاسى بار» دەيدا. ۋاپانىڭ نېمىلىكىنى بىلگۈچىلىكىڭ بارمۇ زادى! ئۇ كادىر خېنىمىڭ قايسىبىر هېيتتا «ماۋۇ كۆڭلەكنى كىيىپ باقسىلا، ماۋۇ ياغلىقنى چىگىپ باقسىلا ئانىكا...» دەپ بېقىپتۇ ماڭا؟ مەن سېنى ئايالىنىڭ گېپىدىن چىقالمايدىغان يۇمشاقباش بولسۇن دەپ باقتىمما؟ هەدېسىلا ئاشۇ بىر نېمىنىڭ يارغۇسىنى يارىسەن... «كۆڭلەك تىكتۈرۈپ ئەكەلسە ياراتماي يۈزىگە ئېتىپسەن» دېدىڭما، خوپ قىپتىمەن تازا! يەنە كۆزۈڭنى ئالايتىپ، گەپ ياندۇرامسەن، تاكاللاشقۇدەك بوپسىنا؟ مانا ئەمىسە!

— قاراس - قۇرۇس!...

ئۇنىڭ مەڭزىگە بەش قولىنىڭ ئىزى بەش چۈشتى.

ئادىل ئانىسىنىڭ يېنىدىن ئازابلانغان هالدا چىقىپ ياتاق ئۆيىنىڭ ئىچىدىن تاقىدى- دە، مۇزدەك ئالقانلىرى بىلەن ۋىژىلداپ ئېچىشىۋاتقان تەستىكىنى سىلاپ، ئاخشامقى سۆهبەتنى ئەسلىدى:

— ئازادگۈل، مەن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن!

— ئۇنداق دېمەڭ، بۈگۈن ئانامنىڭ مىجەزى يوقكەن، بولمىسا...

— مەن يوق چاغدىمۇ، شۇنداق مىجەزى چۇس چاغلىرى كۆپمۇ؟

— ياق...

— كۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئوغرى بىلەن «ئوغرى»

(ھېكايە)

ھەممەت ياسىن

تىن ئالغىلى بولمىغۇدەك قىستاڭچىلىق
بولۇپ كەتكەن ئاپتوبۇس ئىچىدە ئىنتا-
يىن ھوشيار بىر كۆز ۋەناھايىتى ئەپچىل
بىر قول جىددىيلىك بىلەن ھەرىكەت قىل-
ماقتا... كۆكرەك قەپىزى ئىچىدە بىر قا-
را يۈرەك دەككە - دۈككىدە ئەنسىز سوق-
ماقتا ... مانا! تىترەك قول ئاخىرى پۇل-
غا تەگدى. ئەمما دەل شۇ چاغدا يەنە بىر
قول ھېلىقى ئەپچىل قولنى «كاپپىدە» تۇ-
تۇۋالدى ... چەكسىزھا ياجان ئىچىدە سو-
قۇۋاتقان قارا يۈرەك «قارت» قىلدى-دە،
سەزگۈر نېرۋىلار دەرھال ھەرىكەتكە كەل-
دى. ئەپچىل قول ئۆزىنى تۇتۇۋالغان قول-
نى چاققانلىق بىلەن قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ
ئاۋاز ئورگىنىغا بۇيرۇق بەردى:

— ئوغرى!... ئوغرىنى تۇتۇۋالدىم! —
بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ غەزەپ بىلەن تولۇل-
گەن «ئادالەتلىك»، «جەڭگىۋار» مۇشت-
لار «ئوغرى» نىڭ باش-كۆزىگە ئۇرۇلغىن-
لى تۇردى. قارا يۈرەك خۇشاللىقتىن ئوي-
نا قلاپ كەتتى. ھېلىقى قالايمىقانچىلىق-
تىن پايدىلىنىپ ئوغرى «ئوغرى» نىڭ
پۇلىنى بەخىرامان ئېلىۋالدى ۋە«ئوغرى»غا
مەڭگۈ ئۇنتۇلماس نەزەرى بىلەن قاراپ يېنىك
ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ
كەتتى...

ھېلىقى «ئوغرى» بولسا مۇشت - تاياق
ئاستىدا ئۆزىنى ئاقلاۋاتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ
بەكمۇ ئاجىز ئاۋازى بارا-بارا ئاڭلانماي
قالدى.

---

ئازادگۈل بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە بىر
ھازا جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاغزى
ئۆمچەيگەن ھالدا ، راست گەپ قىلامدۇ؟-
دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ساتار كۈيلىرىدەك
مۇڭلۇق ئىدى. نېپىز ۋە سۈزۈك لەۋلىرى
يىڭناغۇچنىڭ قانىتىدەك يېنىك تىترەيت-
تى. چىرايىدىن نۇرغۇن ئازار يېگەنلىكى،
ئەمما ئېيتىشقا رايى بارمايۋاتقانلىقى
«مانا مەن!» دەپ چىقىپ تۇراتتى.- دې-
مەيچۇ بولمىسا. ئۇ كېيىنى ئېغىزىدىن
چىقىرالماي، يېنىغا قاراپ ئولتۇردى.
ئۇنىڭ پېشانىسىدىن تەر تەپچىپ چىققا-
نىدى. تۇۋا! ھەر دائىم راستچىل بۇ قىز
ئۇچۇن ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەش نېمە
شۇنچە تەسكە چۈشكەندۇ؟...

— گەپ قىلىسىڭىزچۇ؟ ئادىل تاقەتسىز-
لەندى. ئازادگۈل بولسا تەڭقىسلىقتا چى-
دىماي يىغلاپ تاشلىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ
مەڭزىنى بويلاپ ئاققان تارام - تارام
ياشلىرى تىرىسلاپ يېغىشقا باشلىغان يام-
غۇرغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

— سەمەت دادام ئۆيدە بولسا، قېيىن
ئاپام ئېچىلىپ ئولتۇرىدۇ. بولماي قال-
سا... لېكىن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئاياپ...
ماڭا سىزنىڭ مۇئامىلىڭىز ئۆزگىرىپ كەت-
مىسىلا بولدى، گۈلسۈم ئاپام ماڭا كۆڭلى-
دىن ئۆچ ئەمەس، مەندىن سەۋەنلىك ئۆت-
كەن يەرلىرى بولسا تۈزەتسەم، كۆڭلىنى
ئالسام يارىشىپ قالىمىز...

ئادىل شۇلارنى ئويلاپ سول كۆكسى
قاتتىق ئاغرىغاندەك ھېس قىلىپ، ئىككى
يېنىغا ماغدۇرسىز تەۋرىنىپ قويدى ۋە
ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلىدى: مېنى شۇنچە
ياخشى كۆرىدىغان بىر قىز، ئانامدىن ئا-
زار يەپ يۈرسە - ھە، ئانا! مېنى بەختلىك
بولسۇن دېسەڭ، ئۇنى قەدىرلىشىڭ كېرەك-
تىغۇ؟! سەن قاچانمۇ مال- دۇنياغا تويار-
سەن؟ زادى قاچان؟!...

# ھېس تۇيغۇنچەكلىرى

( نەسىر )

**ئابدۇلئەھەد تۇرسۇن**

## كۈي

يۈرىكىم يىغلىدى...

قان ـ يىرىڭ تامچىلاۋاتقان يېرىقتىن بىر تۈپ ناباتات① بىخلانىدى... ئۇ تىكەنلىك ئىدى. ئۇنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تىكەنلىرى يېرىقنى چوڭايتىۋەتتى. قىپ قىزىل قان دولقۇن ياسىدى. دولقۇن سادالىرى يىراق ـ يىراقلارغا تارىلىپ، شاخلاردا مۈگدىگەن قۇشلارغا كۈي ھەدىيە قىلدى... ناباتات ئۇسۇۋاتاتتى... ئۇ ئۆسۈپ ۋايىغا يەتكەندە غۇنچىدىن مۇنچاق ئاستى... غۇنچە پورەك بولغىنىدا خۇش ھىد دولقۇن سادالىرىغا قېتىلدى. ئۇلار: «بۇ شاخلارغا كىم قونسۇن؟» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ، يىراق بوشلۇققا سىڭىپ كەتتى...

## يۈزى ئېچىلمىغان قىز

سېنىڭ يۈرىكىڭ يانغىنىۋاتقان شام ئىدى، ئۇنىڭغا ئوتنى كىم ياقتى؟

سېنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىڭگە ئالەم سىغمايتتى، ھازىر ئۇنىڭدا قېتىپ قالغان كىمنىڭ سۈرىتى؟...

ئەي سەھرا قىزى، سەھرانىڭ سەھىرى جىمجىت،چۈنكى ئۇنىڭدا قۇياش لاتاپىتىگە لايىق سۆز تاپالماي، چېھرىگە ئوت ياقىدۇ. ئۇنىڭدىن سەھراغا شەپەقتىن دەريا ـ دەريا كەلكۈن ئاقىدۇ. تاڭ شولىسىغا چۈمۈلگەن دەل ـ دەرەخ، بىخ، يـاپـراقلار چوغدەك يېلىنجاپ، بەگباش شامالدا ئۇنسىز شىۋىرلىشىدۇ ... ئەجەب سەن ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلىشنى ئۆگەتكەنمۇ؟ ئۇنىڭدىكى مۇخ ۋەسىيادان، يالپۇز ـ زاراڭزىلار قىزىل،سېرىق ئېچىلىپ، يېشىللىققا چىلاشقان ھالدا خۇشبۇي تارقىتىدۇ. بۇ خۇش ھىد دىماققا، قۇلاققا تونۇشلۇق يېلىنجاپ كۈيدەك سىڭىدۇ.

ئـەي لاتاپـەتـلىك نازىنىن... ئەي سۈكـۈتكە چۆمگەن پەرىزات، جىنـەستىدەك لېۋىڭدىن ئۇنچىدەك چىشلىرىڭنى يېرىپ ماڭا جاۋاب بەرگىنە، بـۇلار سـېنـىڭ قـەلب تارىڭنىڭ چېكىلىشىمۇ يا قـومۇش نېيىڭنىڭ ئېڭرىشـىمۇ؟... قومۇش قاناتلىـرى دولـقۇنلىماقتا. ئۇلار سەن چالغان كۈينى يادقا ئالماقتا...

... پور تېرەك شېخىغا قونۇۋالغان ئاق قۇشقاچ، تۇك قاغا، شاخ سانغۇچلار سـاڭا قاراۋاتقانىمىدۇر ۋىچىـرلاپ، قاقىلداپ، چىرىلداپ سايراشلار ئەمدى ئۇلارنىڭ زۇۋانىدىن چىقمايدىغاندەك جىم... سالا ئېتىمىز، يېشىل مايسىلار ئارىسىدىكى مايسىلارغولىرىدىكى خانقىز ساڭا، باھار قۇياشىغا باققاندەك سىنچىلىماقتـا... ئەي سەھرا گۈ

---

① ناباتات ـــ ئۆسۈملۈك.

زىلى، سەن سەھراغا كۆيۈشتىن سۈكۈنات چاچقان چېغىڭ، قىيالىقلاردا تومۇزدا دېھقان ئاكىنىڭ چېكىسىدىكى تەر تامچىسىدەك مونچاق - مونچاق ياش مۆلدۈرلەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭچە، سەھرا بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇشى كېرەكتەك...

سەن بۇلارغا راستلا كۆزۈڭنىڭ مەرۋايىتلىرىنى ئۈزەمسەن؟ ناتايىن... ئەي يىغلاشنى ئۇقمايدىغان سەھرا گۈزىلى كۆزۈڭدىكى مۇڭ، يۈرىكىڭدىكى يالقۇنغا يىغلىۋال! ياق - ياق... ھەممىگە كۈلۈۋال!

## يالغۇزلۇق

ئاي - يۇلتۇزلار ئۇخلاش ئۈچۈن كىرىپ كەتكەن، دەل-دەرەخلەرمۇ شىۋىرلاشتىن، چېچەكلەر يالتىراشتىن، تاغ چەشمىلىرى بۇلدۇقلاشتىن، ئويناقلاپ ئېقىشتىن قېلىپ زېمىننىڭ مەڭگۈلۈك سۈكۈتىگە سىڭىپ كەتكەندەك قىلاتتى. لالما ئىتلارنىڭ قىزغىنىشلىرى، ئېشەك-كالىلارنىڭ سۈرەن - چوقانى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغاندەك ئالەم جىمجىت، خۇددى تەبىئەت تىنىقىدىن ئايرىلىپ كەتكەندەك... دەل شۇدەم ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى قاراڭغۇلۇقتىن شىۋىرلاشلار ئۇچۇپ كەلدى:

— تەڭرىم، بۇنىڭدەك قايغۇلۇق يىگانىلىقنى ئىنسان بەختىگە يولاتمىغايسەن.

## گۇناھكار

تاڭ سەھەر، تو تەكلەشكەن بوشلۇقتا ئەزان كۈيى سىڭمەكتە. تۇيۇقسىز ئىشىكىم چېكىلدى. تۈنجى مېھماننى سەھەرنىڭ ئىزغىرىنىمىكىن دېدىم. ئىشىكىمنىڭ يوچۇقلىرىدىن، ئەتىرگۈلنىڭ ھىدى تاراپ، خانەمنى خۇشبۇي قىلدى. ئاچتىم، گۈزىلىم خىجىلچىلىقتا توغاچتەك قىزىرىپ تۇرۇپتۇ... بىر كېچە كۆرۈشمەسلىكنى ئازاب بىلگەن چېغى، دىدارنى غەنىمەت بىلدى.

ئەزان سادالىرى يىراق يۇلتۇزلاردىن قايتىپ خانەمگە كىرىپ كەلدى. ئۇ مېنى ناماز بامداتقا چىللاپ كەلگەنىدى. گۈزىلىم بولارنى سەزمەستىن، پۈتۈن ئىشقى بىلەن مەندىن مۇھەببەت سوراۋاتىدۇ. مەن... مەن...

## چۈش

سەن بىر چۈش ئىدىڭ...

سەن پەقەت مېنىڭ كۆزۈمگىلا چېلىقىدىغان چۈش ئىدىڭ.

ھەر قېتىم سەن ماڭا، مېنىڭ بارلىق سەزگۈ ئەزالىرىم بىلەن تەلپۈنۈپ تۇرغان يۈرىكىمگە تەكلىماكاننىڭ سەراتاندىكى لاۋۇلداق بارخانلىرىنى كۆچۈرۈپ قوياتتىڭ...

ھەر قېتىم، ئەمدىلا بىخلانغان، يوپۇرماق چىقارغىلىۋاتقان ئۈمىدلىرىمنى شەمشەردەك چاقماق بىلەن كەسلىۋەتتىڭ، ئوقتەك دەھشەتلىك يامغۇرۇڭدا يېرىپ تاشلىدىڭ...

ھەر قېتىم، كۈز خازانلىرىدەك تەبەسسۇمىڭ ئاران - ئاران تىپچەكلەپ تۇرغان يۈرىكىمگە چۈشۈپ تۇردى.

ھەر قېتىم بىر تامچە ياش ئۈستىمدە، بىر قارلىق دالىدا ئۇچرىشىپ قالاتتۇق، لېكىن سەن ئۇلارنى كۆرەلمەيتتىڭ...

سەن ئۇلارنى كۆرۈشكە كېلىپ، دېرىزەم ئالدىدىكى تال شېخىغا قونۇپ دۈگدىيىپ ئولتۇرغان قۇشقاچتەك، بىر دەمدىن كېيىن يىراققا ئۇچۇپ كېتەتتىڭ ۋە يا دېرىزەم كۆزنەكلىرىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ ھالسىزلىنىپ يەرگە پىرىلداپ چۈشكەن قار ئۇچقۇنىدەك ئۈنسىز كېتىپ قالاتتىڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئازاب ئىدى.

چۈش — شېرىن ئازاب.

مەن سېنىڭ چۈشلىرىڭدىن قېچىپ، چۈشلىرىم قوينىغا مۆكۈۋالدىم. سەن شېرىن ئازابتىن بەھرىمەن ئەمەس، شۇڭا مېنى ئىزدەيسەن. مېنى تاپالماي قۇرۇق قول قايتقىنىڭدا دېرىزەڭدىن كۆكۈم سايىسى چۈشىدۇ. سەن چۈش كۆرۈشكە ياتىسەن. چۈشلىرىڭدە باھاردىكى بىغ، يازدىكى شاخ - پۇتاق، قۇشلارنىڭ كۈي ناۋاسى، بارخانلارنىڭ ھارارىتى، كۈزدىكى ئېچىنىش، غېرىبلىق، قىراۋ نامايان بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرى بىز بىر ياستۇق ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالىمىز...

مېنىڭ ئازاب - شادلىقلىرىم، سەھەردە، كۆك قەرىگە سىڭىپ كەتكەن يۇلتۇزلاردەك يوقىلىدۇ.

سەن چۈشلىرىڭنى قۇچاقلىۋالىسەن.

## ھېس تۈگۈنچىكى

1

ئاسماندىن تامچىلاۋاتقىنىنى سۆرۈن بۇلۇتلارنىڭ كۆز يېشى دەپ چۈشەندۈردۈڭ، كۆزۈمدىن ئاققىنىچۇ؟ ئۇ — قىپقىزىل قان - يىرىڭ ئەمەس، پەقەت ئىككى تامچە سۈپ - سۈزۈك تاغنىڭ پارچىسى، تىنىقىم مېلودىيىسى مەست قىلغان كۆڭۈلنىڭ تەپچىشى...

2

قۇرام تاشنى سەرەڭگە يېقىپ ئېرىتىپ بولماس، ئۇنى ۋۇلقانغا تاشلا، ماگما بىلەن كۆيسۇن.

3

مەندە بىر نەرسەڭ ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك ماڭا قاراپ - قاراپ قويۇپ يىراقلارغا كېتىپ قالدىڭ، سەن ئۇپۇق يېزىقىغا يەتكۈچە مەن قاراپ تۇردۇم. سەن ماڭا قاراپ - قاراپ كېتىپ قالدىڭ...

بۇ مېنىڭ چۈشۈم بولمىغىنىدا، سەن مېنىڭ يۈرىكىمنى ئېلىپ كەتتىڭ. سېنىڭ يۈرىكىڭچۇ؟... يۈرىكى يوق ئادەملەر يۈرەك ئىزدىمەمدۇ؟!

4

تىنىقىڭ پۈركۈلىشىدىن باھار شامىلى يېنىمغا كەلدى. زىمىستان قىشتىن كېيىن ئىللىق باھار - باھار كۆيىنى ياڭرىتىدىغانلىقى ئېسىمدە، ئۆزۈمنى يىگانە يالپۇزدەك ھېس قىلغانىدىم. تۇۋا، بىز ئەنە شۇ زىمىستان بەگباشلىق ئىچىدە يىگانە يۈرۈپتىمىزغۇ؟!...

## « پايانداز » تېمىسىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

# ئېھ، يوللار

(قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ بۈگۈنى ھەم ئەتىسى ئۈچۈن جان پىدا قىلىۋاتقان سۆيۈملۈك تاشيول ئىشچىلىرىغا بېغىشلايمەن)

**ئابدۇللەھەد قادىرى**

ئېھ، يوللار ئۈزۈلمەس رىشتىسەن،
ئەجدادنى ئەۋلادقا ئۇلىغان.
سەن بىلەن بۇ قەدىم ئانا يۇرت،
جاھانغا تونۇلغان، تونۇغان...!

سەن گويا بىر قامۇس، ھەر بېتىڭ
سۆزلەيدۇ بىھېساب كەچمىشنى.
سەندىكى ھەر رابات — بىر قىسسە،
ئەسلەيدۇ ئارمانلىق بىر چۈشنى.

ئېھ يوللار، مۇقەددەس، ئۇلۇغسەن،
سېنىڭدىن باشلانغان ھاياتلىق.
سەندىكى ئىزلاردا نامايان،
ياۋغا گۆر، ئەجدادقا ئىجادلىق.

ئوخشاتسام گېگانت ئادەمگە،
ۋەتەننى، سەن-كۆمۈش پۈتىسەن.
ئۆتمۈشنىڭ شاھىتى، بۈگۈننىڭ -
ئۇلى سەن، ئەتىنىڭ ئۆتىسەن.

ئېھ يوللار، سەن قىلغان تەۋەللۇت،
شۇ قەدىم ئۇدۇن ۋە كۇسەننى...
مەشرىقتىن مەغرىبكە سەن ياyغان،
شۆھرەتتىن تاج — ھەسەن - ھۈسەننى.

ئويۇمدا تىڭشايمەن يىغىدەك
ئاڭلانغان كولدۇرما ئۈنىنى.
تۇتىيا بىلىمەن، كارۋانلار
ياندۇرغان گۈلخاننىڭ كۈلىنى.

ئويۇمدا كېلىمەن باش ئۇرۇپ،
قان رەڭگى قىزارغان يۇلغۇنغا.
كېلىمەن، ئەقىدە-سۆيگۈمدىن
ئوق ئۈزۈپ ئېزىتقۇ - ئالۋۇنغا.

ئويلايمەن پايانىڭ ھەققىدە،
مۇمكىنمۇ، ئىدىتلاپ ساناشقا.
بىر بېشىڭ باشلانسا ئۇپۇقتىن،
بىر بېشىڭ تۇتاشقان قۇياشقا.

تونۇلدۇڭ ئېھ، بۈگۈن قايتىدىن،
ھىندى، شام، پەرەڭگۇ، پارسقا.
چۈشىدۇ پات - يېقىن ئىزىمىز،
ھە، ئەمدى ئاي بىلەن مارسقا.

ئېھ يوللار، تىنچىماس ئۈستۈڭدە،
ئوت ھارۋا، تۆمۈر ئات كىشنىشىپ.
«قاتنىشى قۇلايسىز» دېگەنلەر،
قالماقتا بارماقنى چىشلىشىپ.

يۇرۇڭقاش، تارىمنىڭ ئۈستىدە،
تۇرغىنى كۆۋرۈكمۇ، مۆجىزە؟
خىيابان، چېچەكلىك بويلىرىڭ
بولغۇسى جەننەتكە ئەندىزە.

ئېھ يوللار، يۇرتۇمنىڭ يوللىرى،
تەرىپىڭ سىغماس مىڭ داستانغا.
تەشەككۈر، ئالقىشىم تۈگىمەس،
پىداكار تاشيولچى پالۋانغا.

# ئىككى شېئىر

روزىمۇھەممەت مۇتەللىپ

## ئىزدەپ كەلسەڭ بىر كۈنى ئەگەر

ئىزدەپ كەلسەڭ بىر كۈنى ئەگەر،
مېنى قايتا كۆرمەكچى بولۇپ.
كەچمىشلەرنى سېغىنىپ ئېسىمگە،
چىن دىلىڭدىن سۆيمەكچى بولۇپ؛
ئاھ، بۇ چاغدا باغلار باش ئېگىپ،
كېتەر بەلكىم يوللار تولغىنىپ.

ئىزدەپ كەلسەڭ بىر كۈنى ئەگەر،
ئوڭ قولۇڭدا سومكا كۆتۈرۈپ.
ياغلىقىڭنى سېلىپ بوينۇڭغا،
ساپ ھاۋانىڭ پەيزىنى سۈرۈپ؛
ھاياجاندىن تىترەپ زېمىن،
كېتەرمىكىن بۇلۇت ياش تۆكۈپ.

ئىزدەپ كەلسەڭ بىر كۈنى ئەگەر،
بىز ماڭغان شۇ يول بىلەن يۈرۈپ.
تونۇش شامال مېنىڭ ئورنۇمدا،
قويار ئاستا مەڭزىڭگە سۆيۈپ.
يىغلاپ سالار ئانامۇ بەلكىم.
كەلگىنىڭنى يىراقتىن كۆرۈپ.

ئىزدەپ كەلسەڭ بىر كۈنى ئەگەر،
باغرىڭدىكى تاشلار يوقىلىپ،
چىدىماسلىق قىلغان خۇدانىڭ،
قالارمىكىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ.
ھەممە ئىشنى چۈشەنسەڭ ئۇ چاغ،
ئاھ ئۇرارسەن يىغلاپ ـ بوغۇلۇپ.

ئىزدەپ كەلسەڭ بىر كۈنى ئەگەر،
مەندىن قايتا سۆيگۈ ئۆتۈنۈپ.
چىقالماسمەن ئالدىڭغا، ئەمما
بالدۇرقىدەك يىغلاپ يۈكۈنۈپ.
ئۈن ـ تىنسىزلا تۇرۇپ قالارسەن،
ئايغا قاراپ ھەسرەتكە تولۇپ.

ئىزدەپ كەلسەڭ بىر كۈنى ئەگەر،
تەشۋىشلەرنى بىر ياندا قويۇپ.
باز ئىشقىڭنى ئاتاپ مەن ئۈچۈن،
قۇچىقىڭنى كەڭ ئېچىپ كۈلۈپ؛
ئايرىلارسەن قەبرەمدىن ئاستا،
كۆزلىرىڭگە لىق ياش تولدۇرۇپ.

## سەن ۋە مەن

ئوقۇغۇچى بولۇپ قۇرالىڭدا بەتلەندىم،
كىمگە ئاتساڭ ئاداشمىدىم، نەخ تەگدىم.
سەن چوڭ باشلىق مەن بىر «تۈرك» بولغاچقا،
نېمە دېسەڭ ماقۇل دېدىم، باش ئەگدىم.

مىنىپ يۈردۈڭ بوينۇمغىمۇ بىر مەھەل،
«تۆگە ـ تايلاق» ئويۇنىغاندەك ئىككىمىز.
شۇنداق بولغاچ تازا ئىناق ياشىدۇق،
سادىق بولۇپ بىر ـ بىرىمىزگە ـ بىرىمىز.

بىرى ساڭا ياپسا قارا كېپەنلىك،
مەن كەيگۈزدۈم ئاق رەختتىن ئېسىل «تون».
بۇنداق ئىشنى ساناپ كۆرسەڭ ناۋادا،
ئاز دېگەندە چىقار ھەتتا توققۇز ـ ئون.

بىلىپ قالغاچ تالاي ـ تالاي سىرىڭنى،
ئىستىرمەكچى بولدۇڭ مېنى خاپىغا.
شۇنداق قىلساڭ يەنە قاراپ تۇرامدىم،
قىلمىشىڭنى پاش قىلماستىن ئامىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# شېئىرلار

## مۇھەممەت بارات (تەشنائى)

### خەتكە تولدى كۆڭۈل دەپتىرىم

تىنچ كۆڭلۈمنى بۇزدۇڭ ئەجىبا،
بۇنى مەنمۇ سەزمەيلا قالدىم.
كۆڭۈل شۇنداق سىرلىق مۇ ئەمما،
ئاھ! نە ئامال، كۆزگە ياش ئالدىم.

ئېسىل خۇيۇڭ، گۈزەل چېھرىڭدىن،
ئۇچۇم بولدى سۆيگۈ كەپتىرىم.
قاچان ئوقۇپ قويارسەن دىلبەر،
خەتكە تولدى كۆڭۈل دەپتىرىم؟

### سەن — پەرىشتە، سەن — ئىلاھ

سېنىڭ ئىككى قولۇڭ بىلەن مەۋجۇتتۇر،
دېھقان ئاكا، ئىنسانىيەت، ھاياتلىق.
سېخىلىقىڭ ئۈچۈن ئالەم خىجىلدۇر،
جىمى جانلىق پەقەت ساڭا قاراشلىق.

ساددىلىقىنى، سېخىلىقىنى، پاكلىقىنى،
سەن ئۆگەتتىڭ ئادەملەرگە ئاھ، دېھقان!
سەن ياشايسەن رىيازەتتە، لېكىن نەپ —
قوغلىشىشتىن يىراق تۇردۇڭ ھەر قاچان.

سەن—پەرىشتە، سەن—بىر ئىلاھ جاھانغا،
چۆللەر بوستان بولار بىر جۈپ قولۇڭدىن.
چېھرىڭ توزان، لېكىن قەلبىڭ بىغۇبار،
قىزىلگۈللەر بەرق ئۇرار يولۇڭدىن.

ھاياتلىقىڭ، شادلىقىڭ ھەم ئەقىدەڭ،
سىڭىپ كەتتى ئانا يەرگە تائەبەد.
يەر ياشايدۇ، سەن ياشايسەن،شۇڭىمۇ.
يۈرىكىمدە ساڭا سۆيگۈ مۇھەببەت.

### دوستلارغا دەريادۇر مېنىڭ بۇ كۆڭلۈم

دوستلىرىم، دەريادۇر مېنىڭ بۇ كۆڭلۈم،
سىلەرگە ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى ئوچۇق.
سىلەر بار، مەن شۇڭا سۆيۈنۈپ كۈلدۈم،
دۈشمىنىدىن ياغدۇرۇپ ئالەمچە ئوتۇق.

تۈنلىرى رىيازەت چېكەي سىلىچۈن،
كۈندۈزى قىلىڭلار شاد ـ خۇرام سەيلى.
چۆللۈكنى باغ قىلاي ئىشلەپ كۈنى-تۈن،
كېلىڭلار بىرلىكتە مېۋىسىن يەيلى.

بۈيرۈڭلار لازىمىم بوپ قالسا قېنى،
تاغلارنى كۆتۈرەي (مەن ئۈچۈن شەرەپ).
«كۆپ رەھمەت!»«كەچۈرۈڭ!»دېمەڭلار مېنى
دوست ئۈچۈن بۇ ئاددى، ئاددى بىر تەلەپ.

بولماڭلار جاھاننىڭ نەرىدە سىلەر،
ھامىنى كۆڭلۈمنىڭ تۆرىدە سىلەر.
مەن ئۈچۈن دوستلۇق چىن ئىمان، ئېتىقاد،
ئەي دوستلار، كۆتەرسەم مۆرىدە سىلەر!

# ئارمانلار ياش پېتى قېپقالدى يەنە

نۇرمەھەممەت ياسىن ( ئۆركىشى )

## كېچىككەن پەسىل

چۈشەپ قالدى شېرىن ئۇيقۇنى،
قىش پەسلىگە يۆگەلگەن ئورمان.
ئۇزاپ كەتتى بىر دەستە نۇردەك؛
تۇمانلارغا پۈركەنگەن جاھان.

ئۇنۇپ چىقتى يېشىل ئاھاڭ بوپ،
قېتىپ قالغان زەئىپ ياشلىرى.
خىيالىدا يوپۇرماق چىشلەپ،
ئۇچۇپ كەتتى ئاقساق چۈشلىرى.

نۇر گىرۋىكى ئۆپكەن پەسىلنىڭ،
يېتىپ كەلدى كېچىككەن خېتى.
ئادرېسىنى قۇياشقا يوكلەپ،
قالدى ئالەم يەنە شۇ پېتى.

## ئۇنتۇلغان خاتىرە

قەلبىمدىن تۆكۈلدى بىر تاللا ئازاب،
سەبىيلىك يېشىنى يىغلاپ ئۆزىچە.
بىر ناخشا توقۇدى ئۆزىدەك دەردمەن،
باھاردىن ئاداققى پەسىل كۈزگىچە.

يۇلتۇزلار پۈچۈلدى قوينىدا ئۇنىڭ،
كۆكسىگە تىزىلدى گۆكۈم خورىكى.
ئالتۇنرەڭ نۇرلارغا چىلاپ ئۆزىنى،
يۇمۇلدى ئاداققى گۈللەر پۈرىقى.

ئۆكۈنۈپ ياپراقلار يېشىل ھاياتقا،
بېغىررەڭ تونىنى ئالدى يېپىنىپ.
ئارمانلار ياش پېتى قېپقالدى يەنە،
ھەسرەتلىك ئالەمگە غەمكىن كۆز سېلىپ.

سۇكۇتلەر قەسىرگە يېزىلدى قاتار،
چۈشلەرنىڭ قەسىرگە يېزىلغان جەريان.
شاماللار كۆتەردى ئاخىرقى قەددەھ،
كۆزىدە ئەگىدى لالىرەڭ تۇمان.

خوشلاشتى ئالدىراش، سالام بەرمەستىن،
دېرىزەم ئالدىدا ئۆتكۈنچى دۇنيا.
تۇماندەك ھېسلارنى قۇچاقلاپ مەھكەم،
قېپقالدى چۈشلىرىم تۇماندەك غۇۋا.

# غەزەللەر

مۇھەممەتئىمىن قۇربانى (ئوقۇغۇچى)

1

نىگاھىڭ بىرلە ئاتتىڭ ئوق ماڭا ئەللىق قاراپ يارىم،
پۈتۈن جىسمىمغا ئوت كەتتى كۆزۈڭدىن ئوت تاراپ يارىم.

قاچانكى ئوت چاچار، ئاتەش نىگاھىڭغا كۆمۈلدۈممەن،
نېتەي شۇندىن بېرى بولماقتا بۇ ھالىم خاراب، يارىم.
ۋىسال ئىزلەپ ھېجىر دەشتى ئارا بولسامۇ سەرسانە،
ئەجەبكىم تۇتمىدىڭ كۆلدەك قەدەھ ـ خۇشبۇي شاراب، يارىم؟
ساڭا مەن يوللىسام مەكتۇپ، بولاي دەپ مەڭگۈلۈك مەھبۇب،
نېچۈك قايتۇرمىدىڭ، ئېيتقىن! ماڭا قۇتلۇق جاۋاب، يارىم؟
بولۇپ قۇربانى بىر مەجنۇن، سېنىڭدىن كۈتسە شەيدالىق،
ئەجەب ئىش كۆيدۈرۈپ قالدۇرغىنىڭ قايغۇ ـ ئازاب، يارىم!

2

دەيدۇ يارىم شادلىنىپ: كەل، سەن ماڭا مېھمان بۈگۈن،
ئىشقى ھېجران دەشتىدە بولمايلى بىز سەرسان بۈگۈن.
بولسىمۇ ئاردىلىق يىراق، دىللاردا سۆيگۈ ئىشتىياق،
كۆپ زامان چەكتۇق ئەلەم كەتسۇن ئىېرى ھېجران بۈگۈن.
ھېچ ئۈزۈلمەس رىشتىمىز، ياشنايدۇ مەڭگۈ ئىشقىمىز،
چىن ساداقەت مۇنبىرىدە قىلىمىز جەۋلان بۈگۈن.
كەل جېنىم، باغرىمغا كەل، ئىچكىن لېۋىمدىن بال ـ ھەسەل!
ئاچتى بىزگە كەڭ قۇچاقنى بۇ گۈزەل دەۋران بۈگۈن...
قوينىنى ئاچتى نىگار، بولغاچقا دىللار ئېنتىزار،
كۈلدى قۇربان شادلىنىپ يار قوينىدا ھەرئان بۈگۈن.

3

يۈرسەڭ نەلەردە ئەي بەگباش كۆكۈل،
ئىزلىدىڭمۇ ياكى بىر دىلداش، كۆكۈل،
بەك مۇرەككەپ بولىدۇ ئادەم دېگەن،
ئالدىراپ قىلما سىرىڭنى پاش، كۆكۈل،
دەرد ـ ئەلەمدە بولمىسا ھەمدەرد ساڭا.

بولمىغىل ھەرگىز ئاڭا سىرداش كۆكۈل،
ئايلىنىپ قالسا ئەگەر دۈشمەنگە دوست،
ئاتقۇسى باغرىڭغا بىر كۈن تاش، كۆكۈل،
دەيدۇ قۇربانى: شۇڭا قىلغىل ھەزەر،
بولمىسا ئاققاي كۆزۈڭدىن ياش، كۆكۈل!...

4

ناز، تەبەسسۇم ئىلكىدە باقساڭ قىيا،
گۈل كەبى ھۆسنۈڭگە بولدۇم مەھلىيا،
ئوت نىگاھىڭ تەپتىدىن كۆيدى يۈرەك،
كۆزلىرىڭ چىتاچى دىلىمغا نۇر ـ زىيا،
باغلىنىپ قالدىم قارا زۇلفۇڭغا مەن.

كىرپىكىڭ تەگدى يۈرەككە ـ بولدى يا،
چىن ئەقىدە باغلىدىم مەبۇد بولۇپ،
مەن سېنى بىلدىم گويا بىر ـ ئەۋلىيا،
كۈتىدۇ قۇربانى ۋەسلىڭنى ئەبەد،
كەل بۇيان خۇشخۇي كۈلۈپ ئەي دىلرەبا!

5

كۈلمىسەڭ نازىڭ بىلەن ئەي شاھ ـ سەنەم،
بۇ قولۇمدا تەۋرىمەس ئەسلا قەلەم،
بولمىساڭ تۈنلەردە سەن ھەمـراھ ماڭا،
تۈگىمەس كۆڭلۈمدىكى قايـغۇ ـ ئەلەم،
كۈلمىگەي سەنسىز ئىچادىنىڭ گۈل بېغى.

ھەم ئالالماسمەن سەپەردە ھېچ قەدەم،
كۆزلىرىڭدىن تۆكمىسەڭ ئالەمچە كۈي،
كۈيلىرىم شاد ياڭرىماس مەڭگۈگە ھەم،
ئاڭلىسۇن كۆڭلۈم سىرىنى بار جاھان،
قىل نەزەر قۇربانىڭغا سەن دەممۇ ـ دەم!

# خىيالىمدا سۆيگۈ ئالەمى

**ئەسىردىن ھاپىز**

ئېسىۋاپتۇ مارجان قىلىپ يۇلتۇزنى،
كۆكتە پارلاپ تۇرغان نۇرلۇق تولۇنئاي.
كۆزلىرىمگە تۆكمەكتە نۇر سېھىرلەپ،
قانداق شېرىن كېچە بۇ — ھە، ھېسقا باي.

بىردىنلا ئاۋۇنۇپ قىيسايغان خىيال،
ئۇقچىدى شۇ تامان رۇجەكتىن ھالقىپ؛
ئەگىشىپ سەلكىنلىك شامال بىلەن تەڭ،
ئۇچتى كۆك قەرىگە تاغلاردىن قاڭقىپ.

بىر دەمدە يىراقتا قالدى تېتىر ساي،
شەۋىرلاپ چىرماشقان قىزغۇچ يۇلغۇنلۇق.
ئۇلارغا ھەمراھتۇر سۇترەڭ تۆپىلىك،
بۇ زېمىن ئالەمدە تاپقان ئۇلۇغلۇق.

تاغلار ھەم ئۇيقۇدا ئەمەسكەن، تووا،
لەۋ يېقىپ تۇرغان ئاق بۇلۇت دەل گوۋا.
تاشلارمۇ ئېرىپتۇ، كىممۇ ئويلىغان،
قېتىدىن بىر تىنىق كۆي چىقار غوۋا.

گۈل ھىدى قاپلىغان ئالەمنى تىرەن،
ئۇنىڭدىن مىڭ ھوزۇر ئالار شەپەرەڭ.
شۇ تاپتا بۇلبۇلنىڭ ئۈنى توختىغان،
خىيالىم ئايلىنىپ قويدى ئاڭا زەڭ.

دەريامۇ تىنچلىقتا بەرمەستىن ئارام،
ئويناپ، شوخ ئەركىلەپ ئېيتماقتا ناخشا.
ۋە لېكىن ھەر ئۇنچە تۆكىدۇ بىر مۇڭ،
بۇ ھايات قىسسىسى ئەمەستۇر ساختا.

يۇلتۇزلار دۇنياسى شادلىققا چۆمگەن،
ئۇنىڭ ھەم يۈرىكى قاينىغان بەلكىم.
ئاي بۇلۇت ئىچىگە شۇڭغۇغان چېغى،
كۆز قىسىپ لەززەتكە بولىدۇ تەسلىم.

پەنجىرە ئىچىدىن قىزغۇچ نۇر ئاقار،
ئەگىشەر ئۇنىڭغا ئېگىرىغان ئاۋاز.
خىيالىم قىزاردى ئاشۇ نۇر مىسال،
توختىدى شۇ ئانلا قىلىشتىن پەرۋاز.

◁◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆◆▷

# ئىككى شېئىر

**ئابلەھەت ئەخمەد**

## تەنھا يولۇچى

قەلبىم مېنىڭ پايانسىز ئورمان،
بۇلبۇللارنىڭ سايراشلىرى بار.
ياۋا ئاتنىڭ چاپچىشلىرى ھەم،
شىر - يولۋاسنىڭ ھۆۋلاشلىرى بار.

ئاياغ ئىزى چۈشمىگەن تېخى،
تۈپرىقىنى سېرىق قۇم باسقان.

ئەگىپ ئۆتەر ياندىن چېغىر يول،
بىر قىز كېلەر كۆز مونچاق ئاسقان.

قەلبىم مېنىڭ پايانسىز ئورمان،
دەل شۇ دەقىق ئوت كەتتى ئاڭا.
بېكەت تامان ماڭغان يولۇچى،
ئورمانلارنىڭ سۆزى بار ساڭا؛

## ئىككىنچى تۇغۇم

سەن ئاتەشدان، مەن بىر سەمەندەر،
يارلىقىمغا پەقەت سەن كېپىل.
تۇنلىرىمگە كۆلكەڭ جىلۋىگەر،
چۈشلىرىمدىن بولىمەن خىجىل.

غۇرۇر مەندە ئويغاق بىر ئۆمۈر،
يالتىرايدۇ شەمشىرى ۋال - ۋۇل.
قىرىق قىلار قىلنى ساپمۇ ساق،
ئۇ ئۆمۈرلۈك ماڭا قاراۋۇل.

ئۇنىڭدىن مەن ھەرگىز يىسوراق،
كۆزلىرىڭگە تىك قارالمايمەن.
ئۆلتۈرسىمۇ ئىنتىلىش، پىراق،
شەپقەت تىلەپ تىزلىنالمەيمەن.

كەچۈر مېنى، سارالڭ، دەلدۈش دە،
بۇ ئاتامدىن تەۋەرۈك ئۇدۇم.
غۇرۇرنى ساقلاش يېگىتكە،
يانىيدىكى ئىككىنچى تۇغۇم.

◁------------▷

# ئىككى شېئىر

### ھاياتنوپۇس مۇھەممەت

## زەنجىرسىمان باغلانغان دۇنيا

باغرى ئىللىق ئۇپۇق قوينىدا،
نۇر چاچىدۇ جىلۋىدار قۇياش.
بۇلۇت ئارا قوغلاپ بارار ئاي،
دۆزى غەمكىن كۆز جىيەكى ياش.

ھالسىرىغان چەبدەس قۇياش قىز،
قىزغۇچ لىچەك ياپار يۈزىگە.
شۇنى كۆتۈپ تۇرغان ئاي يېگىت،
چۈشەر دەرھال قۇياش ئىزىگە.

قۇياش نازلىق باقسا زېمىنغا،
توسار ئۇنى قارامتۇل بۇلۇت.
بوران زېمىن پەنجىرىسىگە،
شۇم ھەسەتتىن سالىدۇ قۇلۇپ.

## نىقابلىق سۆيگۈ

ئوتلۇق كۆزۈڭ تىكىلسە رەت - رەت،
قارىمىدىم يېنىشلاپ پەقەت.
يىراقلاشسا كۆزۈڭ كۆزۈمدىن،
ئىزدەپ سېنى بولار بىتاقەت.

باشقا گۈللەر تەلمۈرسە ساڭا،
ئازابلايتتى قەلبىمنى ھەسەت.

يازدىڭ «سەنسىز كۆنلىرىم زۇلمەت،
كۆتەي سېنى بىر ئۆمۈر جانان».
دېسەڭ - سېنى سۆيەي تا ئەبەد،
پەرۋا قىلماي قويىمىدىم ئەجەب.

بەرمىسەممۇ ئېنىق جاۋابنى،
قەلبىم بەردى سۆيگۈڭگە ماكان.

# ئىزگۈ دەقىقىلەر

**ئارزۇگۈل مەمتىمىن**

قۇتلۇق كۈنۈم كەلدى بۈگۈن قۇچاق ئېچىپ،
بەخت دۇرى تامچىلىدى كۆزلىرىمدىن.
ئىلاھلارنى ئويلايدىغان كۈنۈم كەتتى،
مەن خۇشالمەن ئامەتلەردىن — باھارىمدىن.

شۇڭا «ئاھ!» دەپ ياقا يىرتىپ يۈرمىدىم مەن،
قىلدىم مۈشكۈل جۇدالىقنى دىلدىن نېرى.
دەرد-ئەلەمنى بەرباد قىلدى كۈلگەن يۈرەك،
مۇھەببەتكە شاھ سايلىدىم يىگىت سېنى!

# مەست بوپ قويغىن مەن ئۈچۈن بىر رەت

**ئەركىن ئەبەيدۇللا**

(شائىر تاھىر تالىپ قاتارلىق دوستلىرىمغا)

مەست بوپ قويغىن مەن ئۈچۈن بىر رەت،
خۇن-زەردابقا ئايلاندى ھەسرەت.
قۇربىتىم يوق شاراب كۆرۈشكە،
يار دەپ بۇنچە ئازاب كۆرۈشكە.
ئىنتىلەتتىم مەڭگۈ سۆيۈشكە،
خىيالدىلا كۈلسەمەن پەقەت.

مەست بوپ قويغىن مەن ئۈچۈن بىر رەت،
چىن دوست دېگەن دوستىغا ھەمدەرد.
كەيىپ سۈرۈپ يىغلاپ تاشلىما،
ئېسىلىڭ تۈگەپ ھەم شاپاشلىما.
نامەردلەرنى تەپ! ھاپاشلىما،
مەردلەر كۆرسۈن مېھرىڭدىن شەپقەت.

مەست بوپ قويغىن مەن ئۈچۈن بىر رەت،
كۆز ياشلىرىم تۈزدى بىر ئەترەت.
ئارمانلىرىم كۆيۈپ كېتەرمۇ،
رەقىبلىرىم كۈلۈپ كېتەرمۇ،
ياشلىق گۈلۈم سولۇپ كېتەرمۇ،
ۋۇجۇدۇم ئاھ، سۇۋۇپ كېتەرمۇ،
قېنى نۇسرەت، قېنى مۇھەببەت؟

مەست بوپ قويغىن مەن ئۈچۈن بىر رەت،
ۋىسالىمغا يارات سەن پۇرسەت!
دەرد ئورنىغا شادلىقىم ئاقسۇن،
خۇش كۆزىدە يار ماڭا باقسۇن.
مۇراد كۆكتە قانىتىن قاقسۇن،
شوخ ھالىمنى نىگارغا كۆرسەت!

× ×

مەست بوپ قالغىن مەن ئۈچۈن بىر رەت،
رەقىبلەرگە كۆچسۇن دەرد-ھەسرەت!

## «پاياندار» تېمىسىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

# تىنىم تاپماس تاشيولچىلار

(ئەسلىمە)

قەييۇم ئابدۇقادىر

چىڭقى چۈش. بىز ئولتۇرغان كىچىك ماشىنا تۈپتۈز كەتكەن ئاسفالت يولدا تېز سۈرئەت بىلەن چاپماقتا. كۈچلۈك قۇياش نۇرى ئاسفالت يول يۈزىدە ئەكس نۇر پەيدا قىلىپ، كىشىگە سىترېتولۇق تۇيغۇ بېغىشلىسا، يول ياقىسىدىكى بىر- بىرى بىلەن بوي تالىشىپ ئۆسۈۋاتقان دەل - دەرەخلەر خەلققە بەخت ئېلىپ كېلىۋاتقان يوللارنى ئاسراۋاتقان تىنىم تاپماس تاشيول ئاسراش ئىشچىلىرىغا ئاپىرىن ئېيتقاندەك لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشكەن...

راست! بۇ يېڭى يوللار يىل بويى چۆل-جەزىرە ۋە تاغ باغىرلىرىدا يىلتىزلاپ چاپالىق ئىشلەۋاتقان مېھنەتكەش تاشيول ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى، تۆمۈر گۈرجەك، پولات سۈمبە، شىغىل تاسقاش سېتكىسى ۋە زامانىۋى يول ياساش، ئاسراش ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇپ ئىشلىتىشكە ماھىر قوللار تەرىپىدىن ياسالغان. بۇرۇنقى ئەگرى - بۈگرى، ئوڭغۇل - دوڭغۇل، توپىلىق، تاشلىق، قۇملۇق كونا يوللارنىڭ ئىزىنى باسقان تېخنىكىۋى ئۆلچەمگە لايىقلاشتۇرۇپ ياسالغان، زامانىۋى پولات چىۋىقلىق كۆۋرۈك، سۇڭگۈچلەر بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان دۆلەت يولى ۋە ناھىيە، شەھەر، يېزا - بازار يوللىرىدۇر. بۇ يوللار خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاشتا ئۆزىنىڭ «قان تومۇر» لۇق رولىنى جارى قىلدۇردى.

بۇرۇنلاردا خوتەن ۋىلايىتىدە ئۇزۇكرەك بىرەر تاشيول بولمىغانلىقتىن يولۇچىلار، سودىگەرلەر ئات - ئېشەكلەر ئارقىلىق تەكلىماكان قۇملۇقى ۋە تىلسىملىق دەشتى - چۆل، ھەيۋەتلىك تاغلارنى بېسىپ تىمىسكىلىك قىلىشاتتى. سەپەر ئۈستىدە ھاياتىدىن ئايرىلىدىغان ئەھۋاللار كۆپ كۆرۈلۈپ، يول ئۈستىگىلا دەپن قىلىناتتى. مۇشۇ ھالدا پەقەت ئۈرۈمچىگە بېرىش ئۈچۈن ئات - ئۇلاغ بىلەن تۆت - بەش ئاي كېتەتتى. شۇڭلاشقا كىشىلەر «يول ئازابى گۆر ئازابى» دېيىشەتتى. ھازىرقى كۈندە بولسا شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىگە ياسالغان تاشيوللار باشقۇرغۇچىغا، ئاسرىغۇچىغا ئىگە بولدى. لېكىن بۇ ئۇنچىۋىلا ئاسانغا توختىمىدى. قۇربان بېرىشلەر، قان تۆكۈشلەر بەدىلىگە قولغا كەلدى. لېكىن قىيىن، ناچار شارائىت تۈپەيلىدىن بىرىنچى ئەۋلاد تاشيول ئىشچىلىرى يوتقان-كۆرپە، قازان - قومۇچلىرىنى قول ھارۋىسىغا تېڭىپ، قەيەردە كەچ بولسا شۇيەرنى قونالغۇ قىلىپ، ئاي دالادا يېتىپ - قوپتى. سېۋەتلەردە شېغىل تاسقاپ، تاغار ئارقىلىق شېغىل تۆكتى. ئۇلار «پارتىيە بىزگە

ئىشىنىپ بۇ شەرەپلىك، جەڭگىۋار خىز-
مەتكە بەلگىلىدى : ئۇنداق بولمىغاندىمۇ
« يول ياساپ، كۆۋرۈك سېلىش، قۇدۇق قې-
زىش ساۋابلىق ئىش» دەپ ئۆزلىرىگە تە-
سەللىي بېرىپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ
ئىشلىدى.

چىرايلىرى ئاپتاپ ۋە شامالدا قارىداپ
چاك - چاك ئېتىلىپ، قوللىرى قاداق -
قاداق بولۇپ تۆمۈردەك قېتىپ كەتكەن،
كىيىملىرى كىرلىشىپ، چاچ - ساقاللىرى-
نىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئاتا-
ئانا، خوتۇن-باللىرى ئۇلارنى بۇنداق
جاپالىق خىزمەتنى قىلماسلىققا دەۋەت قى-
لىشتى. لېكىن قەلبىگە يۈكسەك غايىلەرنى،
گۈزەل ئارمانلارنى پۈككەن، قەيسەر، كۆ-
رەشچانلىق روھقا ئىگە تاشيول ئىشچىلىرى
چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، يول يا-
ساش، ئاسراشنىڭ ئەھمىيەتلىك خىزمەت
ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق مېھنى-
تى ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلادلارغا بەخت
يارىتىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغانلىقىنى
چۈشەندۈرۈپ قاتتىق سوغۇق تۇگە - تۆ-
گىمەيلا چۆل - جەزىرە، تاغ باغرىلىرىدى-
كى يول ياساش ۋە ئاسراش فرونتىغا ئات-
لىنىپ قۇم - بوران، شېغىل تاشلار بىلەن
جاپالىق جېڭىنى باشلىۋەتتى. يىللار بىر-
پىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. تاشيول
ئىشچىلىرى يىللار بېتىگە تىللاردا داستان
بولغۇدەك نەتىجىلەرنى يازدى. تەبىئەت
باغرىغا يىلاندەك سوزۇلۇپ ياتقان يول-
لارنى پەيدا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن يول
يۈرۈش زور دەرىجىدە ئاسانلاشتى. يوللار-
دا ئاپتوموبىللار قاتناپ، كىشىلەر ئات-
ئۇلاغ ۋە پىيادە بىر قانچە ئايدا ماڭىدى-
غان يوللارنى بىر قانچە كۈندە ماڭىدىغان
بولدى. تاشيول ئىشچىلىرىمۇ كەمىلەردە،

شارائىتى يار بەرگەنلىرى ئۆي-
لەردە يېتىپ دالادا يېتىش تارىخىغا خاتى-
مە بەردى. شېغىل تاسقاش سېتكا بىلەن،
يۆتكەش قول هارۋىسى بىلەن، يول تۈز-
لەش سۆرەم بىلەن ئىشلىنىدىغان بولۇپ،
ئەمگەك سىجىللىقى مەلۇم دەرىجىدە يەڭ-
گىللەشتى. لېكىن ئىشچىلار كېچىلىرى
چۆلدىكى گەمىلەردە كىرسىن چىراغ ياندۇ-
رۇپ، كۈندۈزلىرى سۆرەم سۆرەپ ئۆزلىرى-
گە ھەمكارلاشقان تۆگە، كالىلار بىلەن قى-
تىلىشىپ بىرگە ياتىدىغان، ئائىلىدىكىلەر
بىلەن پەسىلدە، تېز بولغاندا ئايدا بىر
قېتىم كۆرۈشىدىغان ئەھۋاللار يەنىلا
مەۋجۇت ئىدى...

تاشيول سىستېمىسىنىڭ ئىككى مەدەنى-
يەت خىزمىتىنى سېلىشتۇرۇپ باهالاش
ئۆمىكى يول يۈزىنى چوڭ رېمونت قىلىش
قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىش مەيدا-
نىغا كىلىپ ماشىنىلارنى تورموزلىغان چاغدىلا
ئەسلىمىلەر قويىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ
چىقتىم، يازنىڭ كۈچلۈك ئاپتىپى گىياھسىز
دەشتى - باياۋاننى ئوتتەك قىزدۇرغان
بولۇپ، ئالەم خۇددى كۈچلۈك ئوت كۆيۈ-
ۋاتقان تونۇرغا ئوخشاپ قالغانىدى. يول
ياساش ماشىنىلىرىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋاز-
لىرى ئەتراپنى چېپ ئالغان بولۇپ، ئىش-
چىلار ئۆزىگە تەقسىم بولمىش مەشغۇلات
بىلەن جىددىي ھەرىكەت قىلىشماقتا ئىدى.
بىر بۆلۈك ئىشچىلار يول ياقىسىدىكى ماي
قاينىتىش، ماي قورۇش مەيدانىدا قارامايـ
لارنى ئېرىتىپ، شېغىل بىلەن ئارىلاشتۇرۇش
ئارقىلىق يول يۈزىگە ياتقۇزۇلىدىغان
ماتېرىيال تەييارلىسا، بىر قىسىم ئىشچى-
لار ئالدىراشلىق بىلەن ئۇنى ماشىنىغا
پېسىپ، يول يۈزىگە يۆتكەپ تۆكۈپ، بۇزۇل-
غان قاراماي يول يۈزىگە تەكشى قىلىپ

www.uyghurkitap.com



ياتقۇزاتتى، ئارقىدىن چىڭداش ماشىنىسى
ئىشقا چۈشەتتى. باش ئۇچاستىكا پارتكو-
مىنىڭ شۇجىسى روزىمۇھەممەت ناسىر
باھالاش ئۆمىكىدىكىلەرگە سوئال نەزەرى
بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن:
— بۇ يوللارغا ماشىنا ئارقىلىق قارا-
ماي ياتقۇزغىلى ئون ئۈچ يىلدىن ئاشتى.
شۇنىڭدىن بۇيان يول يۈزى ئېغىر دەرىجىدە
بۇزۇلۇش باسقۇچىغا كىرگەن. بۇ سىناق
قۇرۇلۇش جەريانىدا ھەر مىللەت تاشيول
ئىشچى- خىزمەتچىلىرى ئىككى يېڭىلىق
ياراتتى: بىرى، قاراماي بىلەن شېغىلنى
قىزدۇرۇش ئارقىلىق ئارىلاشتۇرۇپ
قورۇپ، قاراماي يول يۈزىنى چوڭ رېمونت
قىلىپ، يوللارنىڭ تەكشىلىكى ۋە راۋان-
لىقىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى؛ يەنە
بىرى، ئىشچى- خىزمەتچىلەر يازنىڭ قاتـ-
تىق ئىسسىقىدا جاپادىن قورقماي ھەر
كۈنلۈكى ئون ئىككى - ئون تۆت سائەت
ئىشلەشتەك تۆھپە قوشۇش رېكورتىنى
يارىتىپ، بىزگە ئۈلگە تىكلەپ بەردى.
بۇ بىز ئۈچۈن بىر ياخشى ئۈلگە. بىز بۇ
تۆھپىكارلارنىڭ بۇخىل قەيسىرانە، جاپا-
دىن قورقمايدىغان ئۇلۇغ پەزىلىتىدىغان
ئۆگىنىشكە بەل باغلىدۇق،- دېدى ئەھۋال
تونۇشتۇرۇپ.
بىز ئولتۇرغان ماشىنىلار كالونىسى
باھالاش سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن
ئىش مەيدانىدىن ئايرىلىپ، ئاستا- ئاستا
قوزغالدى. شۇنچە كۆپ نەپىس ئىشلەنگەن
كىچىك ماشىنىلارنىڭ ھەيۋەت بىلەن سەپ
تارتىشىپ مېڭىشى بۇرۇنقى ئۈستى ئوچۇق
ئاپتوموبىلدا ئولتۇرۇپ باھالاش ئېلىپ
بېرىش بىلەن سېلىشتۇرما بولۇپ تۇراتتى.
بۇلارنى كۆرۈپ ھاياجىنىمنى باسالماي:
— نېمە دېگەن زور ئۆزگىرىش بۇ،
يوللارنىڭ ئۆزگىرىشى، قاتناش ۋاسىتىلىرى-

نىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىشى، سوتسىيالىس-
تىك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش
ئىشلىرىنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتىنى
ئەكس ئەتتۈرۈپتۇ،- دېدىم مەن ماشىنى-
دىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.
— شۇنداق، دۆلەتنىڭ «قان تومۇرى»
بولغان تاشيوللارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگى-
شىپ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتە زور ئۆز-
گىرىش بولماقتا،- دېدى روزىمۇھەممەت
ناسىر. ئۇ خۇش تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ
تۇرغان چىرايىنى بىز تەرەپكە بۇراپ
سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — پارتىيە
ئۈچىنچى ئومۇمىي يىغىنىدىن
كېيىنكى ئىسلاھات شامىلىغا ئەگىشىپ،
دۆلەت يول قۇرۇلۇشىغا زور كۈچ بىلەن
مەبلەغ سالدى. بىر قانچە يىلغا يەتمە-
گەنۋاقىت ئىچىدە باش ئۇچاستىكا ئاسراش-
قا مەسئۇل بولغان 807 كىلومېتر (1992 -
يىلىغا قەدەر 817 كىلومېتر بولغان) يول
قايتىدىن ئۆزگەرتىلىپ ياسىلىپ، بۇ
يوللارنىڭ 547 كىلومېتىرىغا قا-
راماي ياتقۇزۇلدى. كۆۋرۈك، سۇگۈچلەر-
نىڭ ھەممىسى پولات چىۋىق، بېتون،
شېغىل تاش قاتارلىقلار بىلەن قايتىدىن
ئىشلەپ پۈتتۈرۈلۈپ، مەڭگۈلۈكلەشتۈرۈلدى.
كىشىنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغىنى خوتەننىڭ
يېزا- قىشلاقلىرىدا «بەشتە ياخشى يېزا»
قۇرۇلۇشىنىڭ زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇ-
رۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ناھىيە، يېزا- بازار
يوللىرىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى.
«بېيىش ئۈچۈن يول ياساش كېرەك» دەپ
قارىغان خوتەندىكى ھەر مىللەت خەلقى
دۆلەت ياردەم بېرىش، كوللېكتىپ چىقىرىش،
خەلق ئۆز يېنىدىن جۇغلاش ئۇسۇلى بىلەن
ناھىيە، شەھەر، يېزا- بازار يولى قۇرۇلۇ-
شىنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ باردى. ھەر

مىللەت كادىرلىرى يول ياساش ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالداجان پىدالىق بىلەن ئىشلىشى نەتىجىسىدە، مۇشۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە ۋىلايىتىمىز بويىچە 1321 كىلومېتىر قاراماي يول، 1658 كىلومېتىر تاشيول ياسىلىپ 1059، كىلومېتىر يولنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇردى. نەتىجىدە ۋىلايىتىمىزنىڭ ھەممىلا يېرى تاشيوللار ۋە قاراماي يوللار بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، ھەتتا ئاپتونوم رايون مەركىزى ئۈرۈمچى، دۆلىتىمىز پايتەختى بېيجىڭغىچە تۇتاشتۇرۇلدى. خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك، سانائەت، مائارىپ، پەن-تېخنىكا، سەھىيە، تاشيول ترانسپورت ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش شارائىتىغا ئىگە قىلىندى. 1991 - يىلىلا قاتناش ترانسپورتىنىڭ ئومۇمىي پايدىسى 6 مىليون 49 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ھازىر خوتەن بوستانلىقىنىڭ ھەممە يېرى ئاسفالت يوللار بىلەن تورلاشقان، ئۇزۇم تال كارىدورلىرى يول ئۈستىنى قاپلىغان، قاتناش ترانسپورت راۋانلىشىپ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتقان گۈزەل مەنزىرە بارلىققا كەلدى. سۆھبەت مۇشۇ يەرگە كەلگەندە 1989- يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى يېزا-بازارلىرىنىڭ يوللىرىغا قاراماي ياتقۇزۇش خىزمىتى، نەقمەيداندا ئىش بېجىرىش يىغىنى كۆز ئالدىمدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىت باش باھار مەزگىلى بولۇپ، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ يول ترانسپورت ئىشلىرىنى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا ئىزچىل چىڭ تۇتۇپ كېلىۋاتقان ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرى مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى غوپۇر ئابدۇللا قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى غەيرەت ئابدۇللا، باش ئۇچاستكىنىڭ باشلىقى مايى ۋە ناھىيىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ كېرىيە ناھىيىسىنىڭ يېزا-بازار يوللىرىغا قاراماي ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە نەقمەيداندا ئىش بېجىرىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. يول بويى دېھقانلار ۋە ھەر مىللەت يول ياساش ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تاغار، غەلۋىر، كەتمەن، گۈرجەكلىرىنى يوللارغا قاراماي ياتقۇزۇش ئۈچۈن ئايىماي ئىشلىتىپ، تومۇز ئىسسىقىغا قارىماي جان پىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. يېزا يوللىرىنى كۆرۈش جەريانىدا پېشقەدەم تاشيول باش ئۇچاستكا باشلىقى، خوتەننىڭ تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور قان-تەر ئاققۇزغان يولداش مايى بىزگە، يول ياقىلىرىدا تەپتەكشى بوي تارتىشىپ ئۆسۈۋاتقان يېشىل بۇغداي مايسىلىرىنى كۆرسىتىپ «يېزا يوللىرىغا قاراماي ياتقۇزۇش—قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇپ، يېزىلارنى گۈزەللەشتۈرۈپلا قالماي، توپا، شېغىل يوللاردىن قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ يۈرۈشى ئارقىلىق ئۆرلىگەن چاڭ- توزاننىڭ مايسىلارغا قونۇپ، مايسىلارنىڭ نورمال ئۆسۈشى ۋە تولۇق مول ھوسۇل بېرىشىگە زىيان سېلىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. چۈنكى رېزىنكە چاقنىڭ ئايلىنىشى كۆيدۈرۈلگەن ماي گازىنىڭ ئارىلىشىشى ئارقىلىق ئۆرلىگەن چاڭ - توزان ئىنتايىن زەھەرلىك بولۇپ، باغلىق ۋە مايسىلارنى زور زىيانغا ئۇچرىتىدۇ» دېدى. بىز بۇ سۆزدىن يېزا يوللىرىغا قاراماي ياتقۇزۇشنىڭ نەقەدەر پايدىلىق ئىكەنلى-

كىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇق.
بۇ قېتىمقى نەقمەيداندا ئىش بېجى-
رىش يىغىنىدا ۋالىي غوپۇر ئابدۇللا قا-
تارلىق يولداشلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەمە-
لىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى ۋە خىزمەت-
لەرگە بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىشى ئار-
قىلىق شۇ يىلى كېرىيە ناھىيىسىنىڭ يېزا-
بازار يوللىرى، مەكتەپ، دوختۇرخانا
قاتارلىقلارنىڭ قورو مەيدانلىرىغا قارا-
ماي ياتقۇزۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپلا قالماي،
«315» نومۇرلۇق دۆلەت يولىنىڭ چىرى-
رىيە ناھىيىسى بىلەن كېرىيە ناھىيىسى
ئارىلىقىدىكى 25 كىلومېتر يول-
غا قاراماي ياتقۇزۇش پىلانى 60
نەچچە كىلومېترغا ئۆزگەرتىلىپ،ۋەپەقى-
يەتلىك قاراماي ياتقۇزۇش ئارقىلىق كې-
رىيە ناھىيىسى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايونغا
قاراماي يولى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغانىدى.
— زاۋا يولى ئاسراش ئۇچاستكىسىغا
يېتىپ كەلدۇق! — ھەممەيلەننىڭ ھاياجان
بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرى مېنى خىيال-
دىن ئويغاتتى. گىياھسىز چۆلدىكى بىر
قانچە سائەتلىك سەپەردىن كېيىن كۆز
ئالدىمىزدا كۆرۈنگەن يېشىللىق بىزگە
باشقىچە ھاياجانلىق تۇيغۇ ئېلىپ كەلگە-
نىدى.
— مەملىكەت بويىچە «ئون ئەلا ئۇچاس-
تكا» نىڭ بىرى بولۇپ باھالىنىپ غەربىي
شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون
بويىچە بىردىنبىر ئەلا ئۇچاستكا بول-
غان قاراقاش تاشيول ئۇچاستكا زاۋا يول
ئاسراش ئۇچاستكىسى مۇشۇ،-دېدى قارا-
قاش ئۇچاستكا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سا-
بىق شۇجىسى، ھازىرقى باش ئۇچاستكا
پارتكومىنىڭ شۇجىسى روزى مۇھەممەت ناسىر.
بىز ماشىنىدىن چۈشكەندىن كېيىن كۆز ئال-
دىمىزدا گەۋدىلىنىپ تۇرغان، ئەتراپى
ھەر خىل دەرەخلەر بىلەن ئورالغان تۆمۈر
رىشاتكىلىق دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدى-
كى ئاپئاق ئاقارتىلغان تامغا ھۆسن
خەتچە قىلىپ «ئۇچاستكا بىزنىڭ ئائىلى-

مىز»، «تاشيول ئاسراش كەسپىمىز» دەپ
يېزىلغان چوڭ خەتلەرنى كۆرۈپ ئالاھىدە
يېڭىلىق ھېس قىلدۇق. ئۇچاستكا مەيدان-
لىرى ئائىلە قورولىرىنىڭ ھەممىلا يېرىگە
قاراماي ياتقۇزۇلغان. كۆن ئولتۇرۇش
تەرەپكە مىللىيچە نۇسخىدا بېتون ۋە پىش-
شىق خىش، پولات چىۋىقلار بىلەن چىرايى-
لىق قىلىپ سېلىنغان ئىشخانا، ئىشخانا
ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە «ئۇچاستكا ئىشچىلار
ئائىلىسى»، «ئۇچاستكا ياشلار ئائىلىسى»
دېگەن ۋېۋىسكا ئېسىلغان بولۇپ، ئەتراپ-
نى ئوراپ تۇرغان ھەر خىل گۈل-گىياھ،
قارىغاي، نەشپۈت قاتارلىقلار، ئىشخانا
ئالدىغا يۇمىلاق شەكىلدە ياسالغان تال جا-
ھازىسى ۋە جاھازىدىكى ساڭگىلىشىپ تۇرغان
ھەرخىل ئۈزۈملەر ئۇچاستكىنى بىر گۈزەل
باغقا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.
ئۇچاستكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە زامانىۋى
ئۇسكۈنىلەر بىلەن ياسالغان ۋاسكېتبول،
ۋالېيبول مەيدانلىرى، سول تەرىپىدە زا-
مانىۋى نۇسخىدا چىرايلىق قىلىپ سېلىن-
غان سېرىق رەڭلىك ئائىلە بىنالىرى ئا-
لاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇلارنى
كۆرگەندە كىشىدە بۇيەر چۆل ئەمەس، بەل-
كى شەھەرگە جايلاشقان ئېسىل ئىمارەتلىك
ئىدارىدەك تۇيغۇ بېرەتتى. چۈنكى ئۇچاس-
تكىنىڭ ئەسلى ئورنى چۆللۈك بولۇشى،
ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى، ئىشچىلارنىڭ
جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىشى
ئارقىلىق ئۇچاستكىدا 40 مودىن ئار-
تۇق يەر ئېچىپ، يېڭى ئائىلە قورۇسى،
ئىشخانا قاتارلىقلار سېلىنىپ، ئېلېكتر ما-
تور سەپلىنىپ ھەممە ئۆيگە ئېلېكتر چى-
رىغى ئورنىتىلىپ، قۇدۇق كولىنىپ، سۇ مۇ-
نارى سېلىنىپ ھەممە ئائىلىگە سۇ تۇرۇبىسى
ئورنىتىلغانىدى. بۇ يەردىكىلەرنى شە-
ھەردىكىلەرگە ئوخشاش تۇرمۇش شارا-
ئىتىغا ئىگە دېيىشكە بولاتتى.
بىزنىڭ باھالىشىمىزنىڭ كۆن تەرتى-
پى ئاۋۋال كۆرۈش بولغاچقا ھەممىمىز
ئۇچاستكىنىڭ ئىچىگە كىردۇق ۋە كۆرۈپلا

ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن: — پاھ! بۇ بىر جەننەت ئىكەنغۇ؟!... دېيىشتى.

بىر يىلدىن بۇيانقى ئوچاستىكىدىكى بۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، ئادەمنىڭ قۇدرىتىگە ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدىغانلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدۇق. چۈنكى ئۇلار بۇ چۆللۈكتە جەننەت بىنا قىلغانىدى.

بىز باغلارنى ئايلىنىپ بولۇپ دوكلات ئاڭلاش ئۈچۈن «ئوچاستىكا ئىشچىلار ئائىلىسى» گە كىرگەندە بىز ئۆزىمىزنى پەن - مەدەنىيەت دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق. كىتاب جاھازىسىغا تىزىلغان خىلمۇ خىل گېزىت - ژۇرنال، كىتابلار ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقناتسا، ئۆي ئىچىدىكى چالغۇ ئەسۋاب، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ ئارقىلىق تېلېۋىزوردا چىقىۋاتقان قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلەر ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

مەن سېلىشتۇرۇپ باھالاش جەريانىدا يىللاردىن بېرى تاشيول ئىشچىلىرى چۆل-جەزىرىدە يىلتىز تارتىپ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق تاشيوللارنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەرنى ياساپلا قالماي، تاشلىق ۋە قۇملۇقتىن 200 مودىن ئارتۇق بوز يەر ئېچىپ 24 ئورۇندا «ئۈچ باغ» (مېۋىلىك باغ، گۈللۈك باغ، سەيلىلىك باغ)، «بىر جاھازا» (تال جازىسى) لىق ئوچاستىكا، يەتتە ئورۇندا باغۋارانلاشقان ئوچاستىكا، ئەترەت بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە، يول بويلىرىغا 927 مىڭ 280 تۈپتىن ئارتۇق ئورمان بىنا قىلىپ، 159 كىلومېتىر دۆلەت يولى، سەككىز كىلومېتىر ئۆلكە يولىنى كۆكەرتىپ، ھەر مىللەت يول ئاسراش ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ۋاقتى-قارارىدا يېڭى، ئەرزان مېۋە - چېۋە، سەي - كۆكتات يېيىش؛ باقمىچىلىق كەسپىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئەرزان گۆش، تۇخۇم يېيىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغانلىقى، ھەر قايسى ئوچاستىكا، ئەترەتلەردە ئىشچىلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش، پەن - مەدەنىيەت، كەسپىي تېخنىكا ئۆگىنىش شارائىتى يارىتىپ بەرگەنلىكى ۋە 80 نەچچە نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىنى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتكەنلىكىنى، بىر نەچچە قېتىم ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ۋە يېنىك ئاتلېتىكا، توپ تۈرلىرى بويىچە بىر قانچە قېتىم مۇسابىقە ئۆتكۈزۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ئۇقتۇم.

مېنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگىنى شۇكى، مېھنەتكەش تاشيول ئىشچىلىرى يىللاردىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قىيىنچىلىققا يولۇققان نەچچە مىڭلىغان يولۇچى، شوپۇرلارنى ھەقسىز تاماق، ياتاق بىلەن كۈتۈۋالغانلىقى، نەچچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ ھاياتىنى، مال - مۈلكىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى، نەچچە ئون مىڭ يۈەن پۇل ئىئانە قىلىپ، ناماراتلار، مېيىپلار ۋە مائارىپقا ياردەم بەرگەنلىكى، دەم ئېلىش كۈنلىرى يول بويلىرىدا «سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا نۇرغۇنلىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكى... بولدى. دېمەك، ئۇلار ئۆزىنى جىسمانىي جەھەتتىنلا ئەمەس، ئىدىيەتونۇش جەھەتتىنمۇ ھەر تەرەپلىمە تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تولۇق يېتىلگەن زەپەر يوللىرىدىكى ھارماس تۇلپارلارغا ئوخشاش قۇرۇلۇش ۋە زەپەر يولىدا تىنىماي ئىلگىرىلىگەن، يول ئېچىپ ئالغا باسقان... مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئاشۇلار قوشۇنىدىكى بىر ئەزا بولغانلىقىمدىن پەخىرلەندىم، ئاشۇ ئەل، ۋەتەن ئۈچۈن تىنىم تاپماي ئىشلەش ئارقىلىق خالىس تۆھپە يارىتىۋاتقان، بەخت يارىتىۋاتقان يول قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىغا چىن دىلىمدىن ئاپىرىن ئوقۇدۇم ھەمدە مانا مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ تېخىمۇ كۆپىيەك مەيدانغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلدىم.

# پۇرسەت

(ھېكايە)

غوجەمۇھەممەت قابىز

ئىش ئۈستىلىمگە قاتارىسىغا يېيىپ قويۇلغان بەش پارچە باغاقنىڭ كىملەردىن كەلگەنلىكىگە قاراپمۇ قويماستىن ھەممىنى تارتمىغا سېلىپ چۈشۈردۈم. مۇشۇ كۈندە ئەدىكى ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن «تۇغقانلار»، كۈنىگە نەچچە قېتىم ئۇچراشامۇ بىر قېتىملىق سالامنى سەندىن ئايايدىغان «تونۇشلار» سەن بىلەن بىرەر جايدا ھەمداستىخان بولۇپ باقمىغان، ھەتتا ئىسمىڭنى بىلمەيدىغانلارمۇ مائاش جەدۋىلىگە قاراپ باغاق يازىدىغان بولۇۋېلىشتى، ھەقىچان بۇلارمۇ شۇنداق باغاقلاردۇر، دەپ ئويلىۋىدىم، ئەمما، شىرەنىڭ تارتمىسىدىن ماتېرىيال ئىزدەۋېتىپ توساتتىن كۆزۈم بىر باغاققا چۈشۈپ قالدى. ئاپلا، ماۋۇ بىخەستەلىكىمنى كۆرمەمدىغان! بۇ باشلىقىمنىڭ ئوغلىنىڭ خەتنە تويىغا چىللاپ يېزىلغان باغاق ئىكەن ئەمەسمۇ! باغاقنى ئاۋايلاپ ئاچتىم-دە، قايتا-قايتا قاراپ كەتتىم، باياتىنقى ئاچچىقلىرىم شامال ھەيدىگەن بۇلۇتتەك تاراپلا كەتتى، توغرىسىنى ئېيتقاندا سۆيۈنۈپ كەتتىم. باشلىقىمنىڭ ئۆيىگە ئۇنىڭ نەزىرىگە ياققۇدەك بىرەر نەرسە ئېلىپ بېرىشنى خېلى ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ كەلگەن بولسامۇ ھېچ ئېپى بولمايۋاتاتتى، مانا ئەمدى... ھەي! نېمىسىنى دەي، مەن دېمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ تۆۋىنىمۇ كېچىكلىق مەرتىۋىسىگە ئولتۇرۇۋالدى. مەن بولسام يەنىلا ئادەتتىكى كادىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىمنىڭ تاپا-تەنىلىرىمۇ قۇلاق-مېڭەمنى يەپ كەتتى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، توي-تۆكۈنلەردە نەدىكى بىر شاڭجاڭ خېنىم، شۇجى كېلىنلىرى دېگەنلەرنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇمىش... بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئىچىمنى قۇرت تاتىلاۋاتقاندەك بولۇپ كېتىمەن... قولۇمدىكى باغاققا يەنە بىر قېتىم قارىدىم: كۆڭلۈم بىردىنلا يورۇپ كەتتى: باغاقنىڭ چۆرىسىگە نەقىشلەنگەن كۆركەم گۈللەر خۇشپۇراق چېچىۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا يېزىلغان ھەر بىر سۆز-جۈملىلەر ماڭا ئامەت تىلەۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن بىر جۈپ قىز-يىگىت سۈرىتى مەرتىۋەمنىڭ ئۆسكەنلىكىنى تەبرىكلەپ داپ چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. تاڭ يورىماستىنلا توي بولىدىغان يەرگە ئۈندۈم. بىراق مەندىن بۇرۇن كېلىپ بولغانلار ھويلىغا پېتىشماي يۈرەتتى. ھېچ بولمىسا مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىدىغان ئىشلار بولسىمۇ تېگەر دەپ ئويلىغانىدىم، بۇ ئورۇننىمۇ ئاللىقاچان باشقىلار ئىگىلەپ كېتىپ بۇنىڭدىنمۇ قۇرۇق قاپتىمەن...

ئەمدى بىرلا چارە — ئادەمگەرچىلىكىمنى چوڭراق قىلىپ باشلىقىمنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىش. بىراق بۇنىڭمۇ كۆتۈلمىگەن تەرىپى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن

(ئاخىرى 76- بەتتە)

# نامىسىز خەت

(ھېكايە)

مەتتۇرسۇن قۇربان

يېرىم يىللىق ستاتىستىكا جەدۋىلىنى يوللاشقا توغرا كەلگەچكە بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدىم. باشنى قاشلىغۇچىلىك ئارام تاپالماي ئولتۇرسام خىزمەتدىشىم دىلمۇرات مەيۈس كىرىپ كەلدى.

— ئايالىمنىڭ يامانلاپ كەتكىنىگە بەش كۈن بولۇپ قالدى، سېنى سۆزلىشىپ ئەكىلىپ بېرەرمىكىن دەپ كىرىۋېدىم، دېدى ئۇ خىجالەت ئارىلاش.

— ياش بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا نېمە سەتچىلىك بۇ، نېمە بولغانتىڭلار؟

— نېمە بولاتتۇق، قايسى كۈنى قىزىمىزنى سوراپ بىر ئەلچى كېلىۋېدى، «قىزىمىز ھەر بىرلىرىدىن ئەزىز ئەمەس، لېكىن ئۇ ئاش- تاماق ئېتىش، كىر-قات يۇيۇشقا سەل خامراق. ئىش ئۆگىنىپ بولالماي كۈيئوغلىمىز چارچاپ قالمىسا مەيلى...» دەپتىمەن، ئەلچى چىقىپ كېتىۋېدى. بۇ خوتۇن يۇلقۇنۇپ كېلىپ ياقامغا ئېسىلغىنىچە ۋارقىراپ-جارقىراپ ئۆيىنى بېشىغا كىيىدى:

— سېنىڭ كاساپىتىڭدىن يىگىرمە بەشتىن ھالقىغان قىزىمىزنى ياتلىق قىلالمىدىم. سەن ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئەمەسمۇ؟ ھۇ ئېغىزىڭنىڭ تۈگمىنى يوق ئوغرى...

قويۇپ بەرسەم بارغانسېرى قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاچچىقىمنى باسالماي ئۇنى تۈرۈپ قويۇپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئايىبىنىڭگە كېتىۋالدى.

— سەن توغرا قىلماپسەن، — دېدىم ئۇنىڭغا كايىپ، — ئۇ ئۆز قىزىڭ بولغاندىكىن چاۋىسىنى چىتقا يايمىساڭ بولاتتى. ھەر نىمە دېگەن بىلەن كىشىلەر يەنىلا ئەيىبنى سىلەرگە ئارتىدۇ. بالا تەربىيىلەشنى بىلمەيدۇ، دېسە ئاشۇ بىچارە ئانىغا نومۇس ئەمەسمۇ؟

— قىزىقكەنسەن، يالغان سۆزلەپ كىشىلەرنى ئالدىسام بولامتى؟ قىزنى ئاشۇنداق يامان ئۆگىتىپ قويغاندىكىن ئۆزىنىڭ شورىغۇ.

— ھەي سېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىڭ بارغۇ، ئۇنى ئەركىلىتىپ ئانىسىنىڭ كېپىنى ئاڭلىماس قىلىپ قويغان ئۆزۈڭ تۇرۇپ، يەنە باشقىلاردىن رەنجىيدىكەنسەن. بىرنىمىككى ئېغىز يالغان سۆزلىگەنگە نېمە بولاتتى؟ بىر ئۆي بېشىغا كېيىلگەندە بىلمەيدىغاننى ئۆگىنىپ قالىدىغۇ؟

— قويە مۇنداق گېپىڭنى، يالغانچىلىقنى ئاللامۇ كەچۈرمەيدۇ.

— شۇنداق، يالغانچىلىق كەچۈرگۈسىز قىلمىش. لېكىن ئۇ تۇرمۇشىمىزغا شۇنداق سىڭىپ كەتكەنكى، ئۇنى راستچىللىق ئىچىدىن ئېلىۋېلىپ ئالماق ئىنتايىن قىيىن. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە راستچىللىقنى غالىبلارچە بېسىپ چۈشۈپ دىللارنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. دىلمۇرات ئىنسانىيەتتىكى بۇ ئاپەتنى تەلتۆكۈس يوقىتىشقا كۆزى يەتمىسىمۇ، ئۆز تۇرمۇشىدا ئۇنى تازىلاندىغا ئۆزگەرگەنىدى. بىراق

ئىنسانىيەت ئالىمىدە زاۋۇتتا لايىھىلەنگەندەك تەلتۆكۈس ئادەم بولمايدىكەن. ئۇنىڭ بىر ئەيىبى ئېغىزى بوشراق ئىدى. سۆزلىگىلى بولىدىغانلىكى يەر بولسا، سورۇن تاللىماي ئائىلىسىدىكى ئۇششاق ئىشلاردىن باشلاپ، ئەر-خوتۇنچىلىقنىڭ پىنھان مىنۇتلىرىغىچە سۆزلەپ قوياتتى. بۇ سۆزلەر بىر دومىلىنىپ، بىردەمدىلا كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا چىقىپ قالاتتى-دە، ئۇنىڭ ئايالى ئىزا تارتىپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا باش كۆتۈرەلمەي قالاتتى. شۇڭا ئۇ دىلمۇراتنىڭ ئاشۇ خۇيىدىن رەنجىپ ئەلگىرىمۇ بىر نەچچە قېتىم ئانىسىنىڭكىگە كېتىۋالغانىدى. بىز ئەل-ئاغىنىلەر دىلمۇراتتىن ئىككىنچى ئۇنداق قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەدە ئېلىپ، ئايالىغا نەسىھەت قىلىپ ئەكىلىپ قويغانىدۇق.

— قانداق قىلىسەن؟ ۋاقتىڭ يېتەمدۇ يوق؟ — دېدى دىلمۇرات. ئۇ تاقەتسىزلەنگەنىدى.

— ماقۇل، ئەكىلىپ بېرەي، بىراق بۇنداق ئىش يەنە تەكرارلانسا، مېنى ئاۋارە قىلما، مەن يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ بېرىۋەرمەيمەن.

ئۇ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، چىقىپ كەتتى.

ئايالىم بىلەن ئىككىمىز مىڭ تاغار سۆزلەپ ئاران ماقۇل كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ ئايالىنى ئېلىپ ماڭغىنىمىزدا يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىغانىدى. بىز دىلمۇراتنىڭ ئۆيىگە كېلىپلا ھەيران قالدۇق. ئۆي بىساتلىرى يەردە قالايمىقان چېچىلىپ يېتىپتۇ. بىز دىلمۇراتنى مېھمانخانىسىدىكى سۇپا ئۈستىدە ياتقان يېرىدىن تاپتۇق. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ چىرايى ئادەمنىڭ قورققىسى كەلگۈدەك دەرىجىدە تاتىرىپ كەتكەنىكەن. يۈرىكىم قاتتىق-قاتتىق سېلىنىشقا باشلىدى. مەن دىلىغۇللۇق ئىچىدە يېنىمدا زۇۋانسىز تۇرغان ئىككى ئايالغا قارىدىم. ئۇلارنىڭ كۆز چانىقى كېڭىيىپ، ئېغىزلىرى كاماردەك ئېچىلىپ قاپتۇ.

— ھوي، دىلمۇرات! نېمە بولدۇڭ؟ — دېدىم ئۇنى نوقۇشلاپ. بەختىمگە يارىشا ئۇ كۆزىنى ئاران ئاچتى، ئاچتىدى-دە، بىزگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ يەنە يۇمۇۋالدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ كۆزىڭىزنى ئاچسىڭىزچۇ؟ ئۆينى نېمانچە پاراكەندە قىلىۋەتكەنسىز، — دېدى ئۇنىڭ ئايالىمۇ تىت-تىت بولۇپ دىلمۇراتنى يۆلىگىنىچە.

— ھەممىنى قىلغان مۇشۇ ئېغىزىم، — دىلمۇرات ئۆزىنى-ئۆزى كاچاتلىغىنىچە ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بىر خەتنى ئىشارە قىلدى، مەن خەتنى قولۇمغا ئالدىم. تولىمۇ كۆرۈمسىز، قىڭغىر-قىيسىق، ناچار پۈچۈركىدىكى خەت شۇنداق يېزىلغانىدى:

«بۇرادەر، يۈز تۇرانە كۆرۈشۈش مۈمكىن بولمىغاچقا بۇ خەتنى يېزىشقا مەجبۇر بولدۇم. سىز قايسىبىر سورۇندا، باشقىلارغا ئايالىڭىزنىڭ تويلۇق ئالتۇن ئۈزۈك، زېرىسىنى ئۆينىڭ قايسى يېرىدە ساقلايدىغانلىقىنى، ئايالىڭىز يامانلاپ ماڭغاندا ئۇ نەرسىلەرگە چېقىلمىغانلىقىنى، ئۆزىڭىزنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى يېمەي-ئىچمەي قىزىڭىز ئۈچۈن يىغقان بەش مىڭ يۈەن پۇلىڭىزنى نەدە، قانداق ساقلاپ كەلگەنلىكىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەنىكەنسىز. تەۋەككۇل قىلىپ ئۆيىڭىزگە كىرگەنىدىم، ئۇ نەرسىلەر سىز دېگەن يەرلەردە ساپمۇ ساق تۇرۇپتۇ. سىزنىڭ راستچىل ئادەم ئىكەنلىكىڭىزگە قايىل بولدۇم. ئۆز ھۈنىرىنى ئاقتۇرالماي، نامراتچىلىق چاڭگىلىدا تىپىرلاۋاتقان مەندەك بىر ئوغرى ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق بولامدۇ؟ سىزگە كۆپ رەھمەت. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويىمەنكى، سىز بۇ خەتنى كۆتۈرۈپ ساقچىغا بېرىپمۇ يۈرمەڭ، بۇ پايدىسىز. چۈنكى خەتنىڭ ئەسلى پۈچۈركام ئەمەس.»

## نۆبىتى غەزەللىرى

ئالدىنقىلار ئىجاد قىلىپ ھەم قىممەتلىك تەۋەررۈك سۈپىتىدە ساقلاپ بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن، خوتەن قەغىزىگە پۈتۈلگەن بۇ نەزمىلەر بىر مۇنچە تەبابەت رېتسىپلىرى بىلەن دىۋان قىلىنغان بىر كىتاب بولۇپ:

بىر مىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇز تۆرت بۈكۈندە، كىتاب قىلدىم ھەدىسلەرنى نەزمىدە.

دېيىلگىنىگە قارىغاندا، ھىجرىيىنىڭ 1234 - يىلى، يەنى مىلادىيە 1814 - يىلى يېزىلغانلىقى ئېنىق.

دىۋاننىڭ باش - ئاخىرىدىكى بەتلەر ئۇنىڭ ئىچىنىشلىق قىسمىتى تۈپەيلىدىن يىرتىلىپ، يوقىلىپ كەتكەچكە، ئاپتورنىڭ ئىسمى - شەرىپى يوق. ئەمما نەزمىدىكى:

كىتابەت ئەھلى ئۆتەر، خەتلىرى قالۇر باقى،
نەما لۇھال قالۇر نە ساراي ئىلە تاقى.
گۆھنەدۇر نۆبىتى ئۆتەرلەر قۇناپ،
ئاخىر ئىچۇرگۈسىدۇر ئاياقنى ساقى.

دېگەن بايانلار ئەسەر ئاپتورىنىڭ تەرەققىپەرۋەر لىرىك شائىر نۆۋبەتى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرىدۇ.

روشەنكى، ئەسەردە ئىلىم - پەن ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى، ئىنسانىي ئەخلاق، ۋەتەنسۆيەرلىك، ئايالالار ئازادلىقى، پاك مۇھەببەت، سەممىي دوستلۇققا ئوخشاش ئىزگۈ ئىشلارغا تەھسىن ئېيتىپ، مانجۇ ئىستىبدات ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى زۇلۇم، ئەكسىيەتچى قانۇن كەلتۈرۈپ چىقارغان نادانلىق، ئالدامچىلىق، نەپسانىيەتچىلىك، چىرىكلىك قاتارلىق ئىجتىمائىي كېسەللەرگە، مىللىي زۇلۇمغا، ھۈنەر - سەنئەتتىكى ساختىلىق، رىياكارلىققا نەپرەت بىلدۈرۈلگەن. مۇشۇ مەنىدىن بۇ ئەسەرنى شۇ دەۋرنىڭ روشەن ئەينىكى، مەلۇم تارىخىي قىممەتكە ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدا قەيت قىلىنغاندەك، دىۋان بېشىدا ئاپتورنىڭ نامىنىڭ بولماسلىقى ھەم ئەسەر شەكلىدىكى ئازغىنا ئۆزگىچىلىكلەر تۈپەيلىدىن كۆڭۈلدە پەيدا بولغان شەك بۇ نادىر ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشقا بولغان غەيرىتىمىزنى سۇسلاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئاقىۋەتتە يەنىلا ئەل - ئاۋامدىن ئىبارەت ئۇلۇغ، تەڭداشسىز ئۇستازغا بولغان ئىشەنچ - ئۈمىد چىرىغىمىزنى ياندۇردى. «قاراشلىرىمىزدا غەلەت - سەۋەنلىكلەر بولسا ئەپۇ قىلار، ئاۋۋال بۇ قىممەتلىك مىراس يورۇقلۇققا چىقسۇن» دېگەن نىيەتكە كەلدۇق. مال ھامان ئىگىسىگە مەنسۇپ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

**— نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن**

### بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

كۆرگىل ئى دوستان بۇ ئەھلى جاھان،
ئاخىرىغە يېتىپدۇرۇر بۇ زامان.
ھەر كۈنى رەڭ - بىرەڭ ئالامەتلەر،
بەلگۈرۈپ ياغدى بەرقى ئاپەتلەر.

بىر مىڭ ئىككى يۈز ئوتتۇز تۆرت بۈكۈندە،
كىتاب قىلدىم ھەدىسلارنى نەزمىدە.
پادىشاھلاردا ئەدلى يوق زىنھار،
ئۈلۇمالار ئەمەلدىن ئولدى قارار.

www.uyghurkitap.com

قايدا ئالىمكى خىۋار ئولدى،
سۆز ئىلە ئىشۋە ئاشكار ئولدى.
ئەكسەر ئىلمىي شەرىئەت ئولدى كاسات،
چوڭ ـ كىچىككە ئىش ئولدى فەسات.
دورغەلەر بۆرى، پۇقرالار قوي،
بولدى بەد ئەسلىلەرگە ھەركۈنى توي .
ياخشىلارغە قەپەس بولۇپ ئالەم،
جەۋرى ئىلە زۇلۇمدىن ئېرۇر ماتەم.
كىمكى ئىخلاس ئىلە قىلىپ تائەت،
تەڭرى يادىدا بولسا ھەر سائەت،
خەلق ئارا ھەممىدىن يامان ئولدۇر،
ھەممە يامانلىقتا بىگۇمان ئولدۇر.
ھەقىغە قۇللۇق ماڭا بولغانى ھالا،
ئۇممىدىم سىنەسىغە قويدۇم مەنا.
قۇرسا ھەر كىم ئەگەر رىيا دامى،
قويسا ھەزرەت ئۆزىگە ئول نامى.
ئاتىغە قۇشباشى ئىگەرنى توقۇپ،
يۇرسە ئاغزىدە بىر نېمەرسە ئوقۇپ.
زىكرى ئېتىپ كىشىنى كۆرگەندە،
روزە ھەم تۇتسە بولسا خۇاھ بەندە.
نان يېمەي يۇرسە خەلقتىن ئۇياتىپ،
خالىي يەر تاپسە روزەسىن ئۇشاتىپ.
خانىقە، مەسجىد تاپسە يا بىر گەنج،
يېمەكى بولسە ئاندە گوشت،گۇرۇنج.
كۈندۈزى ئەلنىڭ تەئامىنى يېماسە،
ئايىۇ ، يىل ئۆتسە بىر خۇدا دىماسە.
بولسا خۇش خەلق زاھىرى ئوبدان،
ئەربىي بىرلە ياكى پارسىي زۇبان.
ئۆمرى ئىچىدە ھەرام ئېسە① يېيىشى،
شەرئىدىن پىزۇن بۇ بارچە ئىشى.
ھەرپى ئادەتدىن ئەيلە بان ئىخراج②،
زاھىر ئەتسە پە ئالى ئاستىدە راج③.
يۇرسە تەقۋادار ئەيلەبان پەرھىز،
نەزرە بەرسە ئالىپ يەپ بولسە سېمىز.
ئاھۇ پەرياد ئىلە ھەق ئولسە ئۇنى،
سېدىقە نەزرە بەرسە كەچسە كۈنى.

كەسبى قىلمايلا ئۇ ھەم ئوي يۇرسە،
قويىنىغە باقسە تەختەلى كۆرسە.
قارلاسا ئوت تەمەئ ئۇ جاغىدا،
رىيۇ تەزۋىر ئىيسە قۇرساقىدا.
قايسى شەيى دايىما تەمەئ بولسە،
قايدا بەدزاتى مۇبتەدى④ بولسە.
ئانى قۇتبى زامان دەيدۇر ئەل،
شەرئىنى ئاندا ئىزداмايدۇر ئەل.
تاپسە بىر يەردە خەلق بىر ئەخمەق،
ئەۋلىيا دەيدۇر ئانى بەرھەق.
ئەۋلىيالىقتا كىم سۇپەتلەنسە،
كارى كىردار⑤ شەرئىگە كەلسە.
بۇ زامان ئەھلى ئانى بىلمەسىلار،
بىلسەلەر كۆزلەرىگە ئىلماسلار.
قايدا پاسىقلاركى بولسە چوڭ بولدى،
بولسە ھەر يىلدا تەلبە ئوڭ بولدى.
ئەھلى سالىھنى ئىزدامايدۇرلەر،
ئوڭلۇغ ئادەمنى تەلبەدەيدۇرلەر.
راستگۇي بۇ زاماندا يالغانچى،
تاپتى قۇۋۋەت بۇ كۈندە ئالباىچى.
كوكچىكى خانىنىڭ ئوغلىمەن دەيدۇر،
موللالەرغە سوقۇپ سورىمايدۇر.
..............................
..............................
..............................
..............................
..............................
..............................
جاندىن ھەزىغە پەقىرغە پۇلسۇزلۇق،
بولدى ياشلارغا ۋەسلەسى ئۇزلۇق.
ھەر كىشى جەمئى قىلسە دۇنيانى،
ئەۋلىيا دەيدۇرۇر ئەمدى ئەل ئانى.
پۇللۇغ ئادەم بۇ كۈندە ئادەمدۇر،
پۇلسىز ئادەمگە كۈندە ماتەمدۇر.
دىنغە يوق ئىخلاس ئەلگە پۇل مەقسۇد،
پۇلسۇز ئادەمنى دەيدۇر ئەل مەردۇد⑥؛

قايدا زەردار بېخىل لەئمەئى[7] بولسە،
يامبۇ پۇلغە غەزنەسى تولسە.
قوي، كالا، ئات، ئېشەكلەرى تاغدا،
پاتماسا تىيۋە يىلقەسى يايلاغىدا.
بولسا ئايۋان،ساراي ھەر دەھلىز،
سەدىقە-نەزىرە بەرمىسە ھەرگىز.
سالسە ئىلكىگە فەززەدۇر[8] خاتەم،
بولسە كۇنىنۇس ئانىڭ ئاتى ھاتەم.
ئەل خوشامەت بىلەن يۈگرۇشۇر ئاڭا،
سۈت، قاتىق، قايماقنى توشۇر ئاڭا.
پادىشاھ، ئۆلىما،پەقىر بولسۇن،
ئاي، يىلدا، ئۇلارنى كىم كۆرسۆن.
بولسە ھەر مېھنەد بەچچە قۇيما دىبەڭ،
ئەل خوجام دەيدۇر بولسە پۇل-مېلى كەڭ.
ئەمدى پۇل-مالغە قالدى كار جاھان،
ئاخىرەتلىكنى ئىستىمەس ھېچ جان.
..........................
..........................
مەئىسلە ھەق دىيىلسە ۋەھىم ئېيتادۇر،
ئەمرىدىن ئاڭا غەزەپ يېتەدۇر.
تالىبلىئىلمغە ھاقارەتلەر،
يەتكۈزۇرلەر ئىزا - ئاھانەتلەر.
سىم زەر قىلسە نوشە دەھىر تەناكار،
قاپچامال قىلسە تۇج بىلەن زەرگار.
سەقالى بىرلە ئابايلاماي كۈچىنى،
راۋا ئالىب ئوتراسىغە با تۇچىنى.
قىلسە ياغلاتما تۈگمە پاقىراتىب،
تاپتى يۈز تەڭگە پۇلىنى باقىراتىب...
سودىگەرلەر پۇلغە جەرزە قىلۇر،
نامراتلار بارغە قەرزى قىلۇر.
بار ھۈنەرنى بۇ يەردە زىكرى ئەتسەم،
يوقتۇر ئىمكان مەئالىغە يەتسەم.
ئەۋجىغە كەلدى ئۇشبۇ كۈندە قىمار
ئوغرىلار ئوغرادى يەنە بىسيار.
ھاجىلار يول رىيازىتى چېكادۇر،
ھانەئي كەئبەنى تاۋاپ ئېيتادۇر.

ئول تاۋاپ ئېيمەس رىزايى خۇدا،
ئىززەت-ئىكرام بىلەن غەرىزى پۇلدا.
كار ئولسە تەرىن تەمەئ بولدى،
سىيلەئى رەھىم مۆنقەتەئ[9] بولدى.
ئەلدە ئىززەت بىلەن تەۋازۇ[10] يوق،
كېبىرىدىن ئۆزگە ھېچ ۋاقىئەئ يوق.
پەرىز ۋاجىب سۈننەتىنى تەرك قىلۇر،
مۇستەھەپكە بىجانىدىل يۈگۈرۇر.
مەبتەدىلارگا ئات قويۇب ئالىم،
مۇشەررىئىنى دەيدۇر ئەل زالىم.
ئاخشامى تۆبىلار قىلىپ بىسيار،
ئەرتەسىگە ئانى ئوشاتماقى بار.
بولدى ھەم ۋەئدىلەر تولا قىلماق،
ۋەئدىگە يوقتۇر ۋەپا قىلماق.
شەرتىسۇ كۈندە كۆپ قىلۇرلەر ئەل،
ئەمما ھانىس بۇلارنى بىلدى سەھەل.
ئۆيلەنۇر بولسە ئەرەنلەر ئەگەر،
بولسە بىر لەئلى بەدەن پەرىۋەر.
ئۈۋفە-ئەڭلىككە يۈز كۆزىن بۇياسا،
ئۇشىغىدا ساچىغە ساچ ئۇلاسا.
تولا قىلسا ساچىنى ئەشمى بىلەن،
يۈز تۈمەن ناز ئىيلە كەرەشمى بىلەن.
كىيسە ئۆشنىگە ھۆر بىھاجام،
بولماساكىم دەۋاتىدىن خام.
تولغانىپ قول سالىب كى يول يۇرسە،
بىرنى يىغلاتىب بىرنى كۇلدۇرسە.
ئەل ئانىڭدەككە جانىن نىسار ئېتەدۇر،
قانچە پەرزەندە بولسە ھەم كېچەدۇر.
زەنگە مەستۇرە[11] دۇر مۇسۇلماندىن،
مەردلارنى[12] ئەسكى دەپ قاچۇر ئاندىن.
تۇرۇكنىڭ دۇشمىنى ئىرۇر موللا،
خارلىق موللالارغە يەتتى تولا.
قالسە موللا بىلەن تۇرۇك تاقىشىب،
تۇرۇكلەر يۇقارى ئۆتەر چاپىشىب.
موللالار سۆزلىمەي شۇك ئولتۇرادۇر،
تۇرۇكلەر شەرئىگە ھۆكۇم سورادۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاملارنىڭ ئىشى بولۇپ بەد ئەكس،
ئالىملارنى ئەيلەدىلەر مەكىس.
ھەركىم ئۆز باشىغە بولۇپ ئالىم،
مۇجتەھىد[13] بولدى ئەلگە بىر زالىم.
ئايلىق ئالىبان خەتىنى ھەر موللا،
قىلسە ئەلگە بولۇر ئىدى پەتىۋا.
ھەر كىشى مەسئىلە بايان ئەتسە،
مەئرىفەت سۆزلىرىنى ئايان ئەتسە.
ماھجۇز بىسسىلىۋاتى ئەئلام،
قىلسە بولدى ئىشتمەك ئەلگە ھارام.
قىلسە نۇسنەد موللالار دەپتەر،
بولدى ھەر ھەرپى ئەلگە بىر گەۋھەر.
بىھەتەرى[14] ئىش بۇدۇر بارى ھەممىس،
بۆلۈشۈپ بايلار ئىيلەب ئۇلۇغ مەجالىس.
جۇغلاشىب بىر ئۆيگە نامەھرەم،
قىلدۇرۇپ نەغمەئى نەۋالار ھەم.
ئەر مەزلۇملار ئولتۇرۇب ئالىشىب،
بىر - بىرىگە ھەتايىبە قىلاشىب.
ئۆزىچە ئات قويۇپ ئاڭا مەشرەب.
ئەيلابان ئەيش ئىيلە سۇرۇر تەرەب.
ئۆتكازۇر ئول ماكاندا كارئە بىۋەس،
شەرئى ئىيلە دىھىر بۇ پەرقەنى دىۋۋىس.
يوق ئۇچۇن ئەل ئىچىدە شەرم ھايا،
مۇنداغ ئىشلار بولۇبدۇر ئەلگە راۋا.
كىمكى يالغانچىدۇر ئانىڭ سۆزى سۆز،
راستگۇيىنى تونۇرغە يوقتۇر كۆز.
قالمىدى ئەلدە راستلىق پىشە،
قىلغۇچى بولدىلەر بەد ئەندىشە.
بولسە خەلق ئىچىدە بىر ھارامزادە،
بەلكى شەيتان بىلەدۇر ئىپتادە.
ئەلگە تۆھمەت قىلىپ جەزا سالسە،
ھەم تاپقان پۇلىنى ئەرىخ ئالسە.
يەر، سۇ، ئۆي-بارقىدىن قويسە قۇرۇغ،
شۇنداغ ئادەم خەلق ئىچىدە ئۇلۇغ.
ئۇنىس ئولپەت بىلەن بولۇپ ئاڭا رام،
ئالەم ئەھلى قىلۇر ئاڭا ئىكرام.

بۇ زامانە ئەجەب زامانە ئېرۇر،
ئەل ھالالدىن تاپىب ھارامغا بېرۇر.
ئەردى سودا ھەلال، جەزانە ھەرام،
پۇل رىباغە بېرۇر بۇ كۈندە تەمام.
رىشۋە[15] بەرمەك ھەرام ئىدى بىشەك،
ئەمدى بولدى مەبلەغ ئانى بەرمەك.
كەسبىدىن ئەجرە بىرلە پۇل تاپىلۇر،
خۇمرى[16] بىرلەن زىناغە خىراج قىلۇر.
خاتۇن ئالماق نىكاھ بىلەن كېلادۇر،
..................................
قورقمايدۇر تەمۇغ ئەزابىدىن،
بىخەبەر ياخشى ئىش سەۋابىدىن.
زالىمى زۇلۇم بىلەن ئالغان مال،
سەرىپ تائەتكە قىلماق ئولدى ھەلال.
ياقىمار، يا ئوغۇرلىماق بىرلەن،
بۇ سۇپەت پېشەلەر قىلىپ مەسىلەن.
ھاسىل ئەتسە كىشى ئەگەر پۇل-مال،
ئانى تائەتكە سەرپ ئېتەر پىشى ئەلھال.
قېرى-ياش بارچە بولدىلار دانا،
بولدى يەكسان جاھان ئىيلە ھالا.
ئاتادىن ئوغلى چوڭ، ئانادىن قىز،
مېھرى-شەپقەت ئۇلاردا يوق ھەرگىز.
يالبارىب شاگىردغە ھەر ئۇستاد،
ئىلىم يا كەسبىنى بېرۇر ئاڭا ياد.
ئىلىم يا ھۇنەردا يوق ئىززەت،
ھەممە ئىشلاردا قالمادى لەززەت.
..................................
..................................
قىلدى غارەت[17] جەمئى ئىنسانىنى،
جەز يەرگە توختاتىپ مۇسۇلمانىنى.
تابىغىنى ئۆزىگە قويمايدۇر،
بۇ جاھاننىڭ پۇلىغە تويمايدۇر.
پۇل يىگەك تويمىغاق يۇتىھا بولدى،
پۇلنى دەم تارتىب ئىجدىھا بولدى.
بەگلاردىم مەشغۇل ئولدى مەنسەپكە،
ئەرقە، ئاخشام توتۇندى مەشرەپكە.

بولدى زەردارلار ئارقا مىلىك باشى،
قالغانلى يۈز باشى، ئون باشى.
ھەر كىشى تاپسە ئات، تون، قالپاق،
تەرجى بولماقغە بولدى ئول ئامراق.
ماۋۇ مەنامككە تۇردى ئەل ھەممەسى،
رەڭگى دەيگىر ئىرۇر زامانە بەسى.
بىر - بىرىگە ئىلاج تاپسە زەمان،
يەتكۈزۈرگە تۇرۇبدۇر ئەل ھەر زىيان.
غەيرىگە ساغىنىپ يەمان ئەندىش،
ئۆزىگە پايدانى قىلۇر خۋاھىش.
بىر كىشىگە بەلا ۋە غەم يەتسە،
پىتنىخوردىن ئىزا - ئەلەم يەتسە.
كىمدۇرۇر بۇ كىمەرسەگە كۆيۈنۈر،
خۇش بىگانە بارچەسى سۆيۈنۈر.
قىلادۇر كۆلكە بىرلە تەنە - تاپا،
يەتسە ھەركىمگە زۇلۇم جەۋرى - جاپا.
دوستلار بۇ زاماندا پۇل دوستى،
ئانچە ئامراق كىشىگە تاش پوستى.
ئەمما كۆڭلى ئارا ئەقىدەسى يوق،
چۇن دەرەخت ئولدى بەرگى-مېۋەسى يوق.
بولدى ئەلنىڭ ئىشى ھارامخورلۇق،
قىلاشىب بىر - بىرىگە سۆز كورلۇق.
يوقتۇر ھېچكىمدە تائەت ئىنساب،
قىلسا تائەت رىيادۇر ئەرمەس ساپ.
ھېرىسى دۆنيا بولۇپ تەمام كىشى،
قالمادى دىن بىلە كىشىنىڭ ئىشى.
مىكىر ئىيلە بىر - بىرىنى پەندۇرماق،
ياخشى نىيەتتىن ئەلنى ياندۇرماق.
مەنئى قىلدى زەكاتىنى چوپانلار،
ئۆشرىدىنى ھەم ئۇنۇتتى دېھقانلار.
ئەغنىيالاردا يوق سەخا ئۆشرى،
نەزىردىن سەخىلارغە يوق خەبەرى.
ئەھلى دەرۋىش دۇئانى تەرك ئەتتى،
ئەمەلى خالىس بەدەر كەتتى.
ئاتقە زوھىدنى رىياغە سالىب،
تائەتنى يوشۇردى چاھقە سالىپ.

بولدى كاھىل⑱ نامازغا مۆئمىنلەر،
پۇلغە تۇردى ئىمام، مۇئەززىنلەر.
بارچە مۆئمىندە سۇست بولۇپ ئىيمان،
مولالار ئوقۇماس كىتاب - قۇرئان.
سوپىلار پوت قىلادىلەر ھەر يار،
زىكرى - تەھلىل، تۆبە - ئىستىغپار.
بولسە بىر - بىرىگە جەمئى جەمئىيەت،
ئۆتەردۇر ئاندا پىتنە ۋە غەيبەت.
ئۇشبۇ ئىشلارغە ئەقىل كۆپ ھەيران،
ھۆرپىگەرنىڭ ئىشىمۇ ھەم ۋەيران.
بولدى مۇشكۇل داپىنى سەرا،
ئالادۇر خەلق سۇپالارغا كىرا.
توقۇسە بۆزچى بىر يېرىم باغ بۆز،
ساتتى تۆرت دەپ ئانى بىلمەس ئۆز.
كۆنچىلار كۆنلارىنى شوخ بولاپ،
ساتادۇر ئوترادىن تىتىلسە ئۇلاپ.
موزدۇزلار ئۆتۈكنى چەملەيدۇر،
يىپدا تىكمەي شىلىمدا يەملەيدۇر.
ئىككى كىيسە تىكىشلارى سۆكۈلۈپ،
كىتادۇر ھەم ئۆرۈنجىسى تۆكۈلۈب.
ئىشلاماي جەببەسىنى پوستىندوز،
نەئىتىب ئەيلەمەي تىكىبدۇر ئۆز.
چۇن شامال تەگدى ئول تەراقلايدۇر،
ئەل كىيەلمەي ئۆيىدە ساقلايدۇر.
خۇشمۇ ئوبدان ھۈنەردۇر ئاتقۇچلۇق،
شەپەسى پىج - پىج بۇ نوقلۇق.
تەكتى ماز، ئاق كېگىز نەمادانلار،
ئەتسەلار ياستا نۇردا مېھمانلار.
ئۆيگە بىر سالسە تونگەسى سۇ بولۇر،
گۈللارى، رەڭگى بارى ھەم بويۇلۇر.
ھەم بوياقچىلار خام ساتىب ئالادۇر،
زاك بىلەن قارا گۈلغە بەرمالادۇر.
بويادىم دەيدۇر ئانى نىلدا،
ئاقارىب قالادۇر يېرىم يىلدا.
ئۇستۇر ئەتسە ئۇستا ئاھانگەر⑲،
قىلسە قازان قۇلاغىنى كەبشەر.

يېڭى ۋەقتى ئانى قۇرۇچ دەيدۇر،
باش تۇشۇرگاندە ئەسلى ئۆتمەيدۇر.
مىسنى كاغەزچە سوقۇپ مىسكەر،
سىلقە ئىشلەتسە قانچە قىلسا مىكەر.
ساتقۇچە قۇرساقىدا سۇ تۇرسە،
بولادۇر ئالغۇچىنى پەندۇرسە.
زەرگار ئۇستامدەك ئۇلۇغى مەسەلا،
سەيرىگە تىزغان زەمان نەسلىم سەلا.
بولسا يازلىق قۇرۇپ زىرائەتلەر،
يېتەدۇر سەبزەلەرگە ئاپەتلەر.
رويى ئالەمگە تەشنالىق سالادۇر،
بەئىزى يىل قەھەتلىك بولۇپ قالادۇر.
خەلق ئارا رەھىم، مېھىر-شەپقەت يوق،
ئىنسى ئۇلپەت بىلەن مۇھەببەت يوق.
دىن، دىيانەت قالمىغاچ خوبلۇق،
يەتتى بولغاي جاھانغە بۇ شۇملۇق.
دېسىلەر بۇ نېچۈك ئالامەتتۇر،
ھەممىسى ئاسىي قىيامەتتۇر.
دەب ئىيكانلار رەسۇلسەلەللاھ،
بارچە ئۇممەتلەرىن قىلىب ئاگاھ.
تۇنكە ئاخىر زەمانە قىلسە زوھۇر،
قالماغاي خەلق ئىچىدە سادى سەرۇر.
بولدى ھەر بىر دېگانلارى زاھىر،
بولغان ئوخشە زەمانە پەس ئاخىر.
كىتابەت ئەھلى ئۆتەرخەتلارى قالۇرباقى،
نەمالۇھال قالۇر نە ساراي ئىيلە تاقى.
كۆھنەدۇر نۆبىتى ئۆتەلەر قۇناب،
ئاخىر ئىچۇر گۇسىسىدۇر ئاياقىنى ساقى.

نەشىرگە : مەتقاسىم ئابدۇراخمان
تەييارلىغۇچى : ئابدۇقادىر مەتسىدىق

---

**ئىزاھات :**

① ئېبە — بولسا ، ② ئىخراج — چىقارماق، ھەيدىمەك ، ③ راج — قايتقان، ④ مۇبتەدى — بىر ئىشنى باشلىغۇچى ، ⑤ كىردار — قىلمىق ، ھەرىكەت، ⑥ ئەل مەردۇد — قوغلانغان مەلئۇن ⑦ لەئىمەئى — خەسىس، ناكەس ، ⑧ فەززەدۇر — بۇرۇلغان ئوخشايدۇ ، ⑨ مۇنقەتەئ — مۇلقەرز بولغان، ⑩ تەۋازۇ — كەمتەرلىك، ⑪ مەستۇرەدور — كىشىلەرگە كۆرۈنمەيدىغان رۇپاچ خوتۇن ، ⑫ مەردلارنى — ئەرلەرنى، ⑬ مۇجىتەھىد — تىرىشقۇچى، ⑭ بەھمەتەرى — ياخشىراق ، ⑮ رىشۋە — پارىخور ، پارە ئالغۇچى، ⑯ خۇمرى — قەدەھ ، ⑰ غارەت — قاراقچى ، ⑱ كامىل — ھورۇن ، ⑲ ئاھانگەر — تۆمۈرچى .

---

( بېشى 68- بەتتە )

كۆرسىغۇ تۇز تامىدۇ، ناۋادا كۆرمەي قالسىچۇ؟ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ بۇنىڭمۇ ئامالىنى تاپتىم، يۈز يۇەنلىك پېتى چۇشمىگەن پۇلدىن بىرىنى ئوك يانچۇقۇمغا، بەش يۇەنلىكتىن بىرىنى سول يانچۇقۇمغا سېلىپ، «ھەر ئېھتىمالغا قارشى» تەييارلىق قىلىپ قويدۇم ، داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئالدىمىزغا چولڭ پەتنۇستىن بىرسى كەلتۈرۈلدى. قارىسام ، باشلىق كۆرۈنمەيتتى. ئۇ كۆرمەي قالىدىغان بولدى ، يۈز يۇەنىنىڭ بېشىغا سۇ قۇيغانىنىڭ پايدىسى يوق، دەپ ئويلىدىم - دە، سول يانچۇقۇمدىكى بەش يۇەننى پەتنۇسقا قويۇپ، قولۇمنى شۇنداق تارتىشىمغا، باشلىق يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى. يۈرىكىم «قارتىندە» قىلىپ، چېكەمدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. ماۋۇ پېشكەللىكنى، قولۇمنى ئوك يانچۇقۇمغا — ھېلىقى يۈز يۇەنگە ئۇزاتتىمىۋ، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

# جۈمە سەپرا

(ھېكايە)

ئالتۇنگۈل رەجەپ

«ئادەمنىڭ قەلبىدە سۆيگۈگە نىسبەتەن بىرخىل مايىللىق مەۋجۇت. ئۇ، مەلۇم بىر كوللېكتىپ شەخسكە مەنسۇپ بولماستىن، كەڭ ئاۋامغا مەنسۇپ بولىدۇ»

— فرانسىس بېكون

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىۋىدى جۈمە سەپرانىڭ تۈكسىز بېشى يەنە قىزىشقا باشلىدى. ئۇ تۈگمىسىز يەكتىكىنىڭ پېشى بىلەن يۈزىدىكى تەرلەرنى شاپپۇر - شۇپپۇر سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىچە غودۇڭشەپ قويدى.

— ئىككى ئاش پىشىم بولدى. كولىسا - كولىسا نەدىكى سېسىغان تارىشا چىقىپ، دەددەڭنى! بۇ دورەن بىر ھارۋا ئوتۇننى چىداپ كولىۋالسام، ئىگەكىم، ئىككىنچىلەپ كىرمەسمەن بۇ يەر يۇتقۇر چۆلگە. بىزنىڭ توختىخانمۇ شۇنداق دىۋىدى. بىچارە خوتۇن، خۇدايىم بەرگەن ياۋاش مەزلۇم، شۇنداق يېتىپ تۇرۇپمۇ مېنىڭ غېمىمنى يەپ، مەن بىلمىگەن بولسام خۇدايىم بىلەر...

جۈمە سەپرانىڭ يۈرىكى قوقاسقا كۆمگەندەك پىژىلداپ ئېچىشىپ كەتتى. چۈپۈرلۈك قاشلىرى ئاستىدىكى پىستە كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ بىردىنلا ئۆپكىسىنىڭ ئۆرۈلۈپ، تاڭلايلىرىنىڭ قۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، ھارۋا شوتىسىغا ئېسىپ قويغان كونىراپ كەتكەن ماشرەڭ سۇدانىنىڭ مەدەك بىلەن ئېتىلگەن ئېغىزىنى ئېچىپ ئېغىزىغا دۈم قىلدى. دۈم قىلدى - يۇ، بىر يۇتۇم يۇتماستىن ھەممىنى سىرتقا پۈركۈۋەتتى.

— ئەنەڭنى، تەرەت سۈيىدىن بەك ئىسسىپ كېتىپتىغۇ بۇ كاساپەت! كۆكەي - پۆكەي دەپ ئەتىۋارلاپ كەتكەنلىرىگە تايىنلىق نېمىكەنغۇ بۇ، يەنىلا قاپاق ياخشىكەن. ئانىسىنى مىڭنى بۇنداق نەرسىنىڭ...

جۈمە سەپرا سۇدانىنى بېشىدىن ئاشۇرۇپ، زەردە بىلەن بىر ئېتىۋىدى، ئۇ نەچچە چامدام نېرىسىغا چۈشۈپ، ئىچىدىكى سۇنىڭ ھەممىسى بۇلدۇقلاپ قۇيۇلۇپ، قۇمساڭغۇ يەرگە سىڭىپ كەتتى.

چىڭقى چۈش، ئالەم دەپلەنگەن تونۇردەك قىزىغاندىلا بىر ھارۋا ئوتۇن كولىنىپ بولدى، جۈمە سەپرا سەپەرداشلىرىنىڭ قۇيرۇقى بولۇپ، ئېشىكىگە تاياق سالدى:

— خىتە - خىت! خىت دېدىم - يا بېشىمنى يېگۈر!

ئېشەك ئېغىر يۈكنى تارتىپ ئاران - ئاران مېڭىۋاتاتتى، جۈمە سەپرا ئۇنىڭ تېقىمىنى قامچىسى بىلەن غىدىقلىدى، ئېشەك ئارقا پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئىككى - ئۈچنى سەكرىگەندىن كېيىن قەدەملىرىنى تېزلەتتى.

— كەم ساتتىم دېسەممۇ ئوتتۇز كويغىمۇ ساتارمەن بۇ ئوتۇننى، ماقۇل، ئوتتۇزمۇ دەپ

تۇراي، ئۆيدىكىنى قوشقاندا مىڭ ئەللىك... مىڭ يەتمىش، چىن پىششىق مىڭ يەتمىش بولغۇدەك، ھەر نېمە بولسا يىغىپ قويۇپتىكەنمەن، باشقا كۈن چۈشكەندە موك ئەسقاتىدىغان بولدى - دە، يېتەرمۇ؟ يېتەرمە؟ گۆش قۇلاق بولمىغاندىكىن، خاشۇ قۇلاق دېگەن ئۇنچىۋىلا قىممەتمۇ ئەمەستۇ؟ بىزنىڭ مەزلۇمنىڭ قۇلىقى ئەجەب بىر ئۇز ئىدى، چۆچۈرىدەك مۇدۇك، خۇددى...

ئوتۇن ئۇستىدىكى ئاشلانغان تېرە ئۇستىدە ئۇگدىسىغا ياتقان جۇمە سەپرانىڭ كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلۇشى بىلەن يەنە خىيال دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كەتتى. شۇنداق، بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدىن بىر دەم نېرى كەتمەيتتى.

— قۇلىقىنى كەسسەم ئۈچ تالاق! جەپ توختاپتۇر توختەك، سېنىڭ ئاشۇ گەپ ئاڭلىمايدىغان قۇلىقىڭنى ئىگەكىم، تۆۋىدىن كېسىۋەتمىسەم ئۈچ تالاق!!

ئۇچۇق ئاسماندا گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندەك دەھشەت بىلەن ياڭرىغان بۇ سادا توختىخاننىڭ قۇلىقىدىن ئاق تىكەن سۆرىگەندەك مېڭە قەسرىگە بۆسۈپ كىرىپ ۋۇجۇدىنى ياپراقتەك تىترىتىۋەتتى. ئۇ خىلىدىن كېيىن زۇۋانغا كەلدى:

— خۇدايا توۋا، بەد قىلدىم، خاتا قىلدىم... ئۇنداق بەد زۇۋانلىق قىلمىسىلا جۇمۇراخۇن، مەن ... مەن ماقۇل بولاي، ھە ماقۇل، غوجامنىياز بالامنى مەكتەپتىن ئاجرىتىۋېلىپ، ئاشۇ ساقىلىغا تۈكۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ناسىكەش چاپاق قارىمغا تۇتۇپ بېرەيلى، ئاشۇنداق قىلساقۇ ئۇستىملىرىغا قانالا، سىلىدەك ئادەم بىلەن گەپ تالاشقۇچە، ئىت بىلەن سۆڭەك تالاشسامچۇ بايام. «ھۇ... ھۇ... ھۇ...» توختىخاننىڭ يىغىسى ئەۋجىگە چىقتى.

— ھوي جۇمۇراخۇنكا، ئېشىكىڭ ئۇخلاپ قالدى - يا؟

جۇمە سەپرانىڭ كۆزلىرى لاپپىدە ئېچىلىپ كەتتى. شۇ تاپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى غايىبانە بىر پولات چاڭگاك قاتتىق مۇجۇۋاتقاندەك، ئۆتكۈر ئىلمەكلىرى بىلەن پەسكە تارتىۋاتقاندەك قىلاتتى. چوقا ئوتۇن ئۇستىدە بولۇتسىز مۇئەللەقكە قاراپ ياتقان جۇمەسەپرانىڭ قارا مۇتۇق يۈزلىرىدىكى يول-يول ئېرىقچىلاردىن توختىماي تەر قۇيۇلاتتى.

— ئەنەنگىنى، خىت دېدىم-يا، تاياق قېپى!

ئېشەك ئېغىر ئاياغلىرىنى تېزلەتتى. جۇمە سەپرانىڭ كۆزلىرى يەنە يۇمۇلدى. ئەمدى ئۇنىڭ يۇمۇلغان قاپاقلىرى ئىچىدە ناھايىتى مۇدھىش بىر سۈرەت پەيدا بولدى — ئاشۇ سانغۇدەك ئالا، ئۇزۇن قاشلىرى ئاستىدىكى كىرپىكسىز جىيەكلىرى دائىم چاپاقداپ، ياش قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان، دەرس موكالىم قىلغاندىمۇ سەللىگە نالايىق بېشى توختىماستىن گىلدىڭشىپ، ساغۇچ تىكەندەك ساقاللىرى تىترەپ كېتىدىغان مەسۇم موللامنىڭ كۆلرەڭ كۆزلىرى يەنە پەيدا بولدى.

— «قازاغا رىزا، بالاغا سەۋرى قىلماق» بار جۇمۇراخۇن، بۇمۇ بىر ھېسابتا سىلىگە كەلگەن كەلگۈلۈك، شۈكرى قىلغۇلۇق ئەمدى. مەزلۇملارنى تالاق قىلىپ «ئۈچتىن سۆزىنى بەرمەك» سىلە - بىزدىن قالغان ئىش ئەمەستە ئۆزى: قانچىلىك ئىشتى ئۇ؟ ئېرەكتى بولغاندىن كېيىن بويۇنلىرىنى قوتازدەك تۈتۈپ يۈرسىلە مۇنداق! بىر ئەرگە تۆت خوتۇن راۋا دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىلە؟ چىڭغا چىقسا يەڭگۈشلىگۈلۈك، مەھەللىدە قىز-چوكانلار ئاز بولمىغاندىكىن، «ئەر قېرىسا قىز ئالۇر، قىز قېرىسا كىم ئالۇر» دېگەن

گەپنى ئاڭلىغان بولغىيتتىلە بەندە؟

— ئۇغۇ شۇ، لېكىن موللام، خوتۇن بىلەن ئىككىمىز كىچىك ئېلىپ تېگىشكەنلەر، راست گەپنى دېسەم مەزلۇمغا كۆڭلۇم يۇگۇرۇپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئايال تاپىسىنى كۆرسەم كۆزۈمگە ...

ئۇنىڭ كۆزلىرى موللامنىڭكى بىلەن ئۇچراشقاندا ئەتلىك لەۋلىرى سېزىلەرلىك تىترەپ كەتتى.

— ھە، ئەسلى ئىش مۇنداقكەندە! ۋاي يامان خوتۇن، ئەسلىدىمۇ مەھەللىدىكى خوتۇنلارنىڭ ئالدىتى ئۇ، شەيتان مەزلۇم بويۇنلىرىدىن باغلاپلا ئاپتۇ-دە، بىچارە جۇمۇراخۇن! ئۇقۇتۇۋالغان نېمە ئۇ، دېسەم-دېمىسەم شۇ، ۋاي بىچارە بەندە، خۇدا قۇلى مۇسۇلمان! ماڭا قارىسىلا، مانا ... مانا ... چىقىپلا تۇرمامدۇ؟ كۆزلىرىدىكى ئاتەش بىلەن ئۆڭلىرىدىكى زەپىرەڭلىك نەق شۇنىڭ ئالامىتى ئەمەسمۇ؟

— جېنىم ئاخۇنۇم، ئىشىنىڭ نېرى - بېرىسىنى ئۇقۇپىمۇ بولدىلا. مەزلۇم يولۇمغا قاراپ تىتىلداپكەتكەندۇ شۇ تاپ، خۇدا ھەققىدە رەھىم قىلىپ تېزراق بىر يول كۆرسەتسىلە. ھالدامراق يول ئېچىپ بېشىمىزنى ئوڭشاپ قويسىلا مەسۇم موللام! بىرقېتىم پوق يەپسېپتىمەن ئەمدى...

جۇمە سەپرا بالىلارچە يېلىنىپ، تارىشىدەك قاتتىق قوللىرى بىلەن مەسۇم موللامنىڭ تەسۋى سېرىپ تۇرغان قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

مەسۇم موللامنىڭ ئالا قاشلىرى ئاستىدىكى كىرپىكسىز كۆزلىرى پىللىدە ئېچىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا توختىخاننىڭ دۇكپاڭلى كۆڭلەك ئىچىدىكى پۇۋۇلىگەن شار پومۇلىكىدەك تولغان كۆكسى، بوغماق بىلەككلىرى، قوش ئېگەككلىرى، يول ماڭغاندا لىككىڭشىپ تاسقىلىپ تۇرىدىغان سېمىز ساغرىسى پەيدا بولغاندا ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى يوغىناپ، ساقاللىرى تىترەپ كەتتى. ۋۇجۇدىغا شەيتان ئولىشىپ، ئورنىدا قىمىرلاپ ئولتۇرالماي ئارامسىزلاندى.

— ئۆزلىرى مېنىڭ ئەقىيدىلىك جامائىتىم جۇمۇراخون! سىلىمۇ ئوبدان بىلىدىلا، تالاق ئەتكەن خوتۇن بىلەن بىرياستۇققا باش قويماق توڭگۇل قولىدىن يىپ - يىڭنە چاغلىق بىر نەرسە ئېلىشمۇ ھارام! توڭگۇزنى قۇچاقلاپ ياتقان بىلەن باراۋەر ئېغىر گۇناھ! بۇنىڭ ئۇچۇن يول تاپماق، يول ئاچماق كېرەكتۇر! ئالدىلىرىدا ئىككى يول تۇرۇپتۇ: بىرى خوتۇننى پاكلاپ يول ئاچماق، يەنە بىرى، تالاقتىكى شەرتىنى ئادا قىلماق...

— ياق... ياق، مەن تالاقتىكى شەرتىنى ئادا قىلالمىغۇدەكمەن، مەزلۇمنىڭ قولىنى كېيىشكە قانداقمۇ قولۇم بارىدۇ دەيلا؟ يۈرىكىم چىدىماسمىكىن ئاخۇنۇم. خوتۇنىمۇ قاراپ تۇرۇپ قولىقىنى تۇتۇپ بەرمەس ماڭا، جان تاتلىق ئەمەسمۇ ھەممىگە... خۇدا يولىدا رەھىم قىلىپ باشقىچىرەك يول بولسا كۆرسەتسىلە، نېمە كەتسە مەن رازى ... بۇ ياخشىلىقلىرى مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار موللام...

— ئەمىسە زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، سىلەرمۇ چىدايدىغان بىر شەرت بار.

— چاپسانراق دېسىلە موللام! ئېغىزلىرىغا ناۋات ... ئۇ ئۆزى قانداق شەرت ؟

مەسۇم موللامنىڭ جاۋغايلىرى كېرىلىپ، قىزىل كوس يۈزلىرى يامغۇردا قالغان

تېرىدەك پۈرلەشتى.
ــ قولاقلىرىنى يېقىن ئەكەلسىلە بۇياقـ
قا، بۇ ئۆزى خوتۇنلىرىنى پاكلاش ئىشى،
گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەم، خوتۇنلىـ
رىنى بىر قېتىم تەلۇ قىلىپ پاكلىسىلا
جۇمۇراخون، شۇنى ئەسلىرىدە چىڭ ساقـ
لىسىلاكى، جايىنى ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىغا سالـ
دىلا، خوتۇنلەرىنى پاكلىغۇچى ئەرنىڭ
بېلىدىن كۆلا بىلەن ئوبدان باغلايلا،
ئاندىن ئۆزلىرى ئۆگزىلىرىگە چىقىپ تۆكـ
لۈك بېشىدا ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇـ
تۇپ ئوبدان تىڭشاپ تۇرۇلا. قاچانكى شەـ
پە ـ شۇپۇرنى ئېنىق ئاڭلاپ، ئارغامچا
مىدىرلاپ، مىدىرلاپ... توختىغاندىن كېـ
يىنلا خوتۇن سىلىگە هالال، بولمىسا...
ــ شۇ تاپ جۇمە سەپرانىڭ يۈرىكى شىدـ
دەت بىلەن سوقۇپ، پىشقان بولجۇك گۆشـ
لىرىدىن بۆرتۈپ چىققان پولات چىۋىقـ
تەك تومۇرلىرى لوقۇلداپ كەتتى. بەدەنـ
لىرى قانداقتۇر چىداپ بولماس يىركىـ
نىشتىن بەزگەكتەك تىترىدى.
ــ نېمە بولدى جۇمۇراخون، تىترەپ
كەتتىلىغۇ. بۇنچە هودۇقۇپ، ئەنسىرەپ
كېتىشلىرى نەهاجەت؟ بولمىسا مەن ئۆـ
زۈملا يول ئېچىپ بېرەي، مەهەللىدىكى
نۇرغۇن «ئۈچ تالاق»، «ئەرگە تەگكىن»
لەرگە ئۆزۈملا يول ئېچىپ بېرىپ كېلىۋاـ
تىمەنغۇ، ئېغىزىم چىڭ ئادەممەن، غەم
قىلمىسىلا، بۇسىنىمۇ، ئىسىنىمۇ چىقارماي
ئاستا جۆندەيمەن. ئۇ چاغدا بېلىمدىن
باغلاپ، تۆڭلۈك بېشىدا قاراپ تۇرمىسـ
لىمۇ مەيلى... هى... هى...
ــ تۈپى نائەهلى جوهۇت،
گۆرىگە ئوت كەتكۈر نىجىس!!
جۇمە سەپرانىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتتى...
بازغاندەك مۇشتۇمى تەككەن هارۋا كىرۋىـ
كىندىكى تۇغراق ئوتۇنى ئوتتۇرىدىن قارـ
سىلداپ سۇنۇپ، بىر پارچىسى چۈشۈپ
قالدى... ئەمدى ئۇ ئۆرۈلۈپ دۈم بولۇپ
ياتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ يۇمۇلغان يادىڭغۇ
قاپىقى ئىچىدە بۇرۇنقى خۇش پېچىم شوخـ
لۇقىدىن ئەسەر قالمىغان، يۈرەك باغرى
لەختە ـ لەختە قان بىچارە ئايالى ـ مىقـ
داقىنە كەلگەن، ئىككى ئۆرۈم چاچلىق،
سولمەگىنىگە كۆمۈش قاپلىتىۋالغان توخـ
تىخان يەنە پەيدا بولدى...
ــ يول ئېچىلدىمۇ؟ ئېچىلدىمۇ زادى؟!
زوۋان سۈرسىلە جۇمۇراخون، ئەجەبىي ئاـ
دەمنىڭ يۈرىكىنى توروزىنىڭ تېشىدەك
پولتۇڭشىتماي، قاپاقلىرى چۈشۈپلا كېتىپـ
تىغۇ بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا، دۆ يالىۋالـ
غاندەك جۇدەپ، كۆزلىرىمۇ جەهەننەمدە
پىلدىرلايدىغۇ، ئۆز مۇسۇلمان؟ ـ توختىـ
خان ئىگىرىۋاتقان چاقنى تاشلاپ ئېرىـ
نىڭ ئالدىغا كەلدى.
ــ ئەنەڭنى يەر يۇتقۇر موللا، خۇدايىم
جاجىسىنى بېرەر ئۇ پېسىنىڭ، ئىمانىسۇس
هوناق، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى هۆ قىلىپ دېـ
گەن گېپىنى، ئاجان!...
ــ ئۆز ئادەم، خۇدانىڭ هەققى ـ هۆرـ
مىتىدە جېنىمنى سىقىراتماي بولا بولغۇـ
لۇقنى بىر دېسىلە، باش كېتىدىغان ئىش
بولسىمۇ مەيلى.
ــ شۇ... شۇ بىردانە... جۇمە سەپرانىڭ
بوغۇزى بوغۇلۇپ سۆزلىيەلمەي قالدى.
يۈرىكى ياغدا قورۇلغاندەك پىلىژىداپ
كەتتى.
ــ شۇ بىر دانە قوينىڭ مېهرىدىن كەچـ
سەك...ـ توختىخاننىڭ ئۈمىدلىك كۆزـ
لىرى ئېرىگە تىكىلدى.
ــ ياق! ـ مەيۈسقىنا باش چايقىدى جۇـ
مە سەپرا.

— يا كالا ياكى بىر ئاتمۇ؟...

— ياق - ياق!! ئاغزىڭنى نېمانچە تالىلايسەن بۇنداق؟ شۇ... شۇ سېنىڭ قۇرئانىدەك ئۇلۇغ، گۆھەردەك ساپ پاكلىقىڭنى قۇربان قىلىپ، بىر نامەھرەم جوھۇت بىلەن بىر قېتىم...

— ۋاي ئانىكام! خۇدايا تۇۋا! مەن ئاڭلىمىدىم... مەن ئاڭلىمىدىم جۇمۇر اخۇن!- توختىخان ئېرىگە ئېسىلماق بولۇپ داجىۋېدى، جۇمە سەپرا چاقىقانلىق بىلەن ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى.

— ۋاي خۇدايىم، نېرى تۇر توختىخان! سەن هازىر... سەن هازىر ماڭا نامەھرەم، ئۇز مەزلۇم، ماڭا هارام...

— نېمە دېدىلە؟ ماڭا هارام؟! مائىشنى كۆرۈڭ، مەن ئەمدى سىلىگە هارامىمۇ؟! بۇنداق قىلىپ جان توشمايدىغان چېغى جۇمۇر اخۇن! مەن ئەمدى بىر قارارغا كەپ بولدۇم، ئۇستۇرنى ئېلىپ چىقىسىلا، تېز بولسىلا!...

— نېمە؟! ئاشۇ چۆچۈرىدەك مودۇك قۇلىقىڭنى كېسەيلى دېمەكچىمۇسەن توختىخان؟! ئۆزۈڭ رازى بولۇپ دەۋاتامسەن بۇ گەپنى؟

— رازى! مېنى تولا گەپكە سالمىسىلا ئەمدى!

ئارىدىكى تالاش - تارتىش ئۇزۇنغا بارمىدى. زوك ئولتۇرۇپ سوقىچاق قۇم تېشىدا ئۇستۇرا بىلەۋاتقان جۇمە سەپرانىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ياناتتى، ئۇستى - بېشىدىن توختىماي تەر قۇيۇلاتتى.

— ئۇستۇرنى ئوبدانراق بىلىسىلە ماقۇلمۇ جۇمۇر اخۇن؟

— ماقۇل ئۇز توختىخان، لېكىن دېسەم دېمىسەم، ئەتتىمك بولسۇن - گال بولسۇن، كەسكەندىكىن ھامىنى ئاغرامدىكىن دەيمىنا...

— ئاغرىشىنى بىلگەندىن كېيىن پېيىگادای، «چېچىڭنى كېسىۋەتمىسەم، يا بىرچە مىكىڭنى كېسىۋەتمىسەم تالاق» دېسىلىمىغۇ بىر سىرى، توخۇ پوقىدا ئېغىزلاندۇرغاندەك...

— تاپا قىلمىغىنا ئۇز خوتۇن، مۇشۇ تۇرقۇم ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۇدەك بولغاندا، يە مېنىڭ بۇ ئېغىزىم - مۇشۇ ئوق تەگكۈر زوۋانىم موك تۇتۇلۇپ، بېشىمنى يەپ ئۆلمىدىم ئىنگەكىم.

— تاپا قىلماي دېسەممۇ يۈرىكىم تىتراۋاتسا، ھېلىغو ئىككى قۇلاقكەن، تاپىنىغا جىگدە شوخىسى كىرىپ كەتكەن ئادەممۇ «ۋايجان» دېگۈلۈك جۇمۇر اخۇن؟! قانسىراپ ئۆلۈپ قالسام، غوجامنىياز ئوغلۇم - ئاشۇ تەتۈر پېشانە يالغۇز بالام ئۆگەيىنىڭ قولىدا قالسا... ، - توختىخان ھىقىلداپ يىغلىۋەتتى.

— ئۇنداق دەپ تۇرساڭ مەن قانداق كېسىپ، قانداق يول ئاچالايمەن؟ يا شەرىئەتتە ئۇندىن باشقا يول بولمىسا، يا ھېلىقى نائەھلىنىڭ كۆرسەتكەن شەرتىگە تېخى كۆڭلى بولمىسا...

— كۆڭلىرى بارمىدى ئەمىسە؟ - دېگەن گېپىنى ماگادايىنىڭ. مەن بىر ئېرەكتى بىلەن نامەھرەمدە بولسام... ۋاي ئانىكام، قانداق پېتىپ چىقتى زوۋانلىرىدىن بۇ گەپ؟ سىلىگە تەگكەندە مەيدەم ئەمدىلا چالما قوپۇرۇپ چىققان بالىيدىم، يەنگىرمە بەش يىل بولدى، تەرەتلىرىگە سۇ ئىسسىتىپ ئەمرلىرىدە بولغىلى - يىگىرمە بەش يىل! ئۇنداق كۆڭنى كۆرگەندىن ئۆلگىنىم مىڭ ئارتۇق ماڭا، ئۇنداق يول بىلەن پاكلانغۇچە، ھېلىغۇ ئىككى قۇلىقىمكەن، ھەتتا كاللامنى كەسسىلىمۇ رازىمەن، جۇمۇر اخۇن!

ۋىجدانىغا ئېشەك تېپىۋەتكەندەك قىلغان گېپىنىڭ سەتلىكىنى قېرى ئوغرىنىڭ، پېسى گاداي ھۇ…ھۇ…ھۇ… ،- توختىخان ئۆزىنى كاچاتلاپ قاتتىق يىغلاشقا باشلىدى.

— مېنىلا ئۇرغىن ئۆز خوتۇن، ئاشۇنچىلىك يوقىلاڭ ئىشقىمۇ ئېغىزى بوشلۇق قىلغاندىكىن، ئېغىزىمغىلا ئۇرغىن خوتۇن! گۇناھىم ئۇچۇن بويىنۇم سۇنۇپ، زۇۋانىمغا يەل يارا چىقىپ ئۆلۈرمەن! - جۇمە سەپرا تىرە تەلپىكىنى چۆرۈپ تاشلاپ خوتۇنىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

توختىخانىنىڭ يىغىسى قازانغا سۇ قۇيغاندەك توختاپ، ئارىنى ئېغىر سۈكۈت باستى.

— بولغۇلۇق بوپ بولغاندا پۇشايماندىن پايدا يوق جۇمۇراخۇن! كۆيدۈرۈلىدىغان پاختىنى تەييارلاپ قويغانمىدىلە؟ - توختىخان مۇشتەك ئىششىپ چىققان قاپىقىنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىنى ئاچتى - دە، جىملىقنى بۇزدى.

— تەخلەپقۇ قويغان، مېنى خەتنە قىلغاندىمۇ، مۇشۇنداق پاختىنى كۆيدۈرۈپ يۆگەپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن قانىمۇ موك توختىغان.

— كىم سورىدى بۇنى، سەت گاداي؟ گەپ ساتماي ئوبدان بىلىسىلە، قاقىرلىرى كادىر خەقنىڭ ساقىلىنى قىرىدىغان تىغدەك ئىتتىككىنسۇن…

— ئىتتىككىنىغۇ ئىتتىككىندى، - جۇمە سەپرانىڭ غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازى ناھايىتى زەئىپ ئاڭلاندى.

— ئىشكىنى ئوبدان دەملىگەنمىدىلە؟

— دەملىگەن…

— دەيدىغاننى دېيىشىپمۇ بولدۇق جۇمۇراخۇن، ئىشىمىزغا شەيتان ئارىلىشىپ قالمىسۇن ھېلى، ئىلدام بولسىلا، قولۇمنى باغلاپ، پوتىلىرىنى ئاغزىمغا چىڭ كەپلىسىلە، ھېلى بىكار تۇۋلىماي دېسەممۇ جان تاتلىق، ۋارقىراپ سالسام قولۇم - قوشنىلار ئاڭلاپ…

جۇمە سەپرا جىددىيلىشىپ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ سارائىم ئىچىدە قالدى. شۇ تاپ ئۇنىڭ كۆزچاناقلىرى كېرىلىپ، تۈكلۈك بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىرىپ ئۆسكۈلەك بۇرۇتلىرى ئاستىدىكى كۆكۈش قېلىن لەۋلىرى توختاۋسىز تىترەۋاتقاندەك، قىمىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى…

شۇ تەرىزدە ئارىدىن قانچە ۋاقىت ئۆتتىكىن - تاڭ، جۇمە سەپرا گويا قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، سۇپا لېۋىگە سېلىنغان جايناماز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئايالىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھە…بەمەسە، ئۆزۈڭ رازى بولدۇڭ ماقۇلمۇ توختىخان؟

— رازى، يول ئېچىلسىلا! بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سىلىگە ئاخىرەتلىك جۈپ بولۇپ ئەمرىلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرساملا مەن ھەممىگە رازى جېنىم جۇمۇراخۇن…

— ئەمىسە، «ھا» دەپ ئېغىزىڭنى يوغان ئاچ!

— ياغلىقنى ئاۋايلىماي كەپلىسىلە ماقۇلمۇ؟

— بەك كەپلىۋەتسەم تىنالماي قالارسەنمىكىن ئۆز توختىخان؟

توختىخان كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، بويىنىنى تىك تۇتۇپ ئۈندىمەستىن جىمجىمدە تۇردى.

جۇمە سەپرا سارائىم ئىچىدە ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى - يۇ، ئۇنىڭ سېپىنى تاپالمىغان ھالدا خوتۇنىنىڭ چىلانچىلىك ئەقىل تىلى پىلدىرلاپ تۇرغان ئېغىزىغا

كاللەكلەنگەن يۇك ياغلىقنى كەپلەۋەتتى.
خۇدايا توۋا، خوتۇننىڭ ئېغىزى ئويـ
ماقتەك كىچىكتىـيۇ، پۈتۈن بىر ياغـ
لىق پاتتى ـ يا، ئادەمنىڭ گۆشى دېگەن
رېزىنكىدەككەن ـ هە؟!
توختىخاننىڭ پىيالىدەك كېرىلگەن چاـ
ناقلىرىدىن ئېقىپ چىققان ئىسسىق ياش
قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىنى بويلاپ توخـ
تىماي سىرغىدى.
ــ بىسمىللاهۇ رەهمانىر رەهىم، نېرى
قىل خۇدا ناپاك بىلەن هارامدىن، ئېچىل
يول، شەرتنى قوبۇل قىلىپ ئېچىپ بەرـ
گىن نىكاه يولۇمنى، ئاشۇ ۋاپادار مەهـ
بۇبەم بىلەن ئۆمۈرلۈك هالال ئەر ـ خوـ
تۇن بولۇپ ئۆتۈشكە نېسىپ قىلغىن شەپـ
قەتلىك ئىگەم...
جۇمە سەپرانىڭ كۆزلىرىگە دەسلەپ كۆـ
مۈردەك قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۇنىڭ قوـ
لىدىكى پارقىراپ تۇرغان ئۇستۇرا سېزىـ
لەرلىك تىترەپ كەتكەندە ئۇ بىر نەچچە
مىنۇت دەككە ـ دۈككىدە قالدى... ئەمدى
ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قىزىللىق ــ بوغۇزلانـ
غان كالا ـ قوي، بوغۇزلانغان توخۇ ـ ئۆرـ
دەك، كەپتەر ــ باچكا قېنىدەك قىپقىزىلـ
لىق تىقىلدى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەۋاـ
تاتتى... پۈتۈن ئەزايى بەدىنى تىترەشكە
باشلاپ، ئۇستى بېشىدىن قارا تەر قۇيۇلـ
غىلى تۇردى. پۇت ـ قوللىرىنىڭ پەيلىرى
تارتىشىپ كۆڭلى ئېلىشىپ قەي قىلغۇسى
كەلدى... ئۇ خوتۇننىڭ سۆپۈرگە ياغىچىـ
دا ياپچان سېلىنغان ئۇلۇك قولىقىنى «كاپ»
قىلىپ تۇتتى ـ دە، يالتىراپ تۇرغان ئۇسـ
تۇرىنى «شارت» قىلىپ بىرنى سۈركىدى!
كېسىلگەن تومۇرچىلاردىن تىرىسلاپ ئېـ
تىلىپ چىققان سۇرۇختەك قىزىل قان جۇـ
مە سەپرانىڭ مەللە يەكتەكىنىڭ ئالدى
پەشلىرىنى بۇلغىۋەتتى... ئەزبىرايى خۇدا،
كېسىلگەن قۇلاق توختىخاننىڭ مۈرىسىـ
دىن سىرغىپ «پوككىدە» يەرگە چۈشكەنـ
دە جۇمە سەپرا گويا ئۇستا خەتنىچىدەك
سول قولاقنىمۇ دەقىقە ئىچىدە تۈۋىدىن
ئۈزۈپ تاشلىدى! قان يەنە چاچرىدى، بۇ
قېتىم ئۇنىڭ يۈز ــ كۆزلىرىگىچە قانغا بوـ
يالدى. جۇمە سەپرا كۆزلىرىنى چىڭ يۇـ
مۇپ بويىنىنى تولغىدى ـ يۇ، دەررۇ يەرـ
گە قارىدى. تەندىن ئايرىلغان بىر جۈپ
قولاق كۆك توپىدا «دىڭ ـ دىڭ» قىلىپ
ئىككى ـ ئۈچنى سەكرىگەندىن كېيىن توخـ
تاپ قالدى.
ــ ۋاي خۇدايىم! جۇمە سەپرا تەلۋىـ
لەرچە ۋارقىرىۋەتتى. قولىدىكى قانغا بوـ
يالغان ئۇستۇرا يەرگە چۈشۈپ كەتتى...
خۇدايا توۋا، راست ئىكەن ئەمەسمۇ؟! ئۇ
بۇرۇن مۇشۇنداق رىۋايەت، چۆچەكلەرنى
كۆپ ئاڭلىغان ئەمەسمىدى؟! كېسىلگەن
باش، كېسىلگەن بارماق، كېسىلگەن بۇـ
رۇن ـ قولاقلارنىڭ تەندىن جۇدا بولۇپ
يەرگە چۈشكەندە ئاشۇنداق دىڭىلداپ،
دىككاڭشىپ سەكرەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان،
مانا ئەمدى ئۇ راستسەكرىگەنلىكىنى ئۆز
كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتاتتى. كۆيدۈرۈلگەن
پاختا توختىخاننىڭ قان شورۇلداپ ئېقىـ
ۋاتقان قولىقىغا چاپلانغاندا ئۇنىڭ قانـ
سىز لەۋلىرى سۇس قىمىرلىدى.
ــ يو... يول ئېچىلدىمۇ؟! شەرت ئادا
بولدىمۇ؟
ــ ئېچىلدى ئۆز خېنىم، شەرتمۇ ئادا
بولدى. مۇشۇ پەيتتىن باشلاپ سەن مېنىڭ
هالال جۈپتۈم، ئىلگىرىكىدەكلا مېنىڭكى
مەزلۇمىم! ئۆزۈمنىڭ، توختىخان ! جۇمە
سەپرا ئايالىنىڭ مەيدىسىگە بېشىـ
نى قويۇپ هۆكرەپ يىغلىۋەتتى.
ــ قانچە قىيىنلىۋاتقانسەن خوتۇن؟
چىدىيالمايۋاتقىنىڭنى كۆرۈپ... ــ ئۇنىڭ
ئىنەكتىن ئايرىلغان يالغۇز موزايىنىڭكىـ
دەك ياۋا هەم بوغۇق ئاۋازى خېلىغىچە
توختىمىدى.

× ×

بالىلارنىڭ قىيا ـ چىيالىرى ئالىـ
قانداق چۇقان ـ سۈرەنلەر جۇمەسەپرانىڭ

قىزىق خىياللىرىنى بۆلىۋەتتى.

ئۇ چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىۋېدى، ۋاقىتنىڭ نامازدىگەرگە ئۇلاشقانلىقىنى كۆردى.

— مانا كەچ قاپتۇق، ئىشىك ئالدىغىلا كەچ قاپتۇق. مەزلۇم يولۇمغا قاراپ ئولتۇرغاندۇ شۇ تاپ. خىت جانىۋارىم خىت! ھېرىپقۇ كەتتىڭ، لېكىن ئېشەك بولۇپ يارالغاندىكەن، تاياق يېيىشى ھايۋان... — جۇمە سەپرا ئېشەكنى بىر تاياق ئۇرۇۋېدى، ئېشەك تونۇش مەھەللە يولىدا قەدەملىرىنى تېزلەتتى.

تۈرخۇنلىرىدىن دائىم ھۆل ئوتۇننىڭ كۆمۈشرەڭ ئىسى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان، پاكار - پاكار توپا تاملىق ئۆي، بۆك - باراقسان چەللە-باراڭلار بىلەن بېزەلگەن بۇ كۆجۈم مەھەللىنىڭ كۈن پېتىش تېمىدىكى جىگدە شوخىسى، ئاق تېرەك، جىغان ياغاچلىرىدا ساخاللانغان ھويلا - قورا جۇمە سەپرانىڭ ئىدى، شۇ تاپ ئۇنىڭ نەپسى تاقىلدايتتى، جېنى ئىككىلدايتتى.

توختىخان غىزاسىز قالمىغاندۇ؟ غوجامنىياز بالام ئانىسىنى ئوبدان كۈتكەنمىدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا جىق تاپىلاپ قويغان، ئانىسىنى ئوبدان كۈتسە مەكتەپتىن ئاجرىتىۋالماسلىقىمۇ ۋەدە بەرگەن... ۋۇي نېمىش بولدىكىنە؟ نېمانداق جىق ئادەملەر ماۋۇ، گەندىگە ياماشقان چىۋىندەك...

جۇمە سەپرا ئۆيگە ئون نەچچە چامدام قالغاندا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۈستىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى، خىيالىغا كەلگەن قورقۇنچلۇق بىر گۇماندىن جېنى ھەلقۇمىغا كەپلەشتى - يۇ، ئاياللارنىڭ رەڭدار ئۈستى - بېشىغا قاراپ يۈرىكى پەس كويغا چۈشكەندەك بولدى. ئۇ كۆلدۈرلەپ ھارۋىسىدىن سەكرىدى - دە، يۈگۈرۈپ كەلدى، ئادەملەر ياقىلىرىنى چىشلىشىپ ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قارىشاتتى.

باللار ئۇياقتىن بۇياققا قېچىشىپ ئۇنىڭدىن ئۆز كۆشتى، قۇلىقىنى تۇتۇۋېلىپ ئانىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈشتى.

— نېمە بولۇشتى؟ يۈزۈمگە پوق چاپلىشىپ قاپتىمۇ - يە؟ نېمانداق قاراۋېرىشىسەن ئادەمنى يەپكەتكۈدەك سەت چەكچىيىشىپ؟!...

ئادەملەر توپى يېرىلىپ ئىككى تەرەپكە ئايرىلدى. ئۇ شۇندىلا بىر دانە ساقچى ماشىنىسى، ماشىنا ئالدىدا تۇرغان ئىككى نەپەر قاسقان شەپكىلىك خەلق ساقچىسىنى كۆردى.

— ھوي ما سوجاڭلىنى، نېمە بولدىكىن دەپتىمەن تېخى، ئەسلىدە بىزنىڭ مەھەللىدە بىرەر گۆرۈڭگە ئوت كەتكۈر ئوغرىلىق قىپتىكەن - دە، تۇتۇلدىمۇ ئۇ پېسى؟

ساقچىلار جۇمە سەپرانىڭ ئالدىغا كەلدى. ئېگىز بويلۇق بىرسى:

— خوتۇنىڭىزنىڭ قۇلىقىنى كەسكەن جۇمەر دېگىنى سەنمۇ؟ دەپ قىسقىلا سورىدى.

— خوش، مەن، خوتۇنۇمنىڭ قۇلىقىنى مەن ئۆزۈم كەسكەن. سوجاڭ خوتۇن بىلەن ئىككىمىز شۇنداق خۇالىشىۋىدۇق، ئىشەنمىسەڭلا ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ... ۋۇي توختىخان؟

— ئايالىڭ ھازىر مەركىزىي دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇلىۋاتىدۇ!

— نېمە دەۋاتىسىلە سوجاڭلا؟! مېنىڭ ئايالىم! مېنىڭ خوتۇنۇم... ۋاي بىچارە مەزلۇم، ۋاي ۋاپادار جۈپتىكىم... ساڭمۇ، ئۆزۈمگىمۇ قىپتىمەن ئەسمۇ؟! ۋاي جىگەرىم خوتۇن، نېمە بوپكەتتى بۇجاھان...

جۇمە سەپرانىڭ ئىككى قولى پولات كويزا بىلەن جۈپلىنىپ ساقچى ماشىنىسىغا يالاپ ئەپچىقىلدى. ئۇ نېمىلەرنىدۇ دەپ كۈچلۈك داپشۇنۇپ، قاتتىق سىلكىنىپ ۋارقىرايتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى ساقچى ماشىنىسىنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك كۈچلۈك، سۈرلۈك سىگنالى تەرىپىدىن بېسىپ كېتىلدى.

# قونالغۇدا قونغان ھېسلىرىم

ئابدۇللا سۇلايمان

## تۇمان قەسىدىسى

لەيلەيدۇ ئاقۇش تۇمان تىك چوققىدا،
يۆگىلىپ، بولۇپ تاغقا كۆمۈش پوتا.
سوزۇلغان پەللەمپەيلىك يول ئۇزاققا،
قويغاندەك تىرەپ كۆككە ئېگىز شوتا.
ئەرشكە كۆزەتچى «ئاق بولۇت تېغى»،
بېزەلگەن بولۇپ ھاردۇق ئېلىش بېغى.

قارىساڭ چوققىلاردىن كەڭ شەھەرگە،
تۇمانغا ئورالغان ھەر توچكا ـ چېكىت.
ئوينايدۇ تۇمان كېمە ماچتىسىدا،
تۇماندىن كۆكلەك كېيگەن قىز ۋە يىگىت،
كۆرۈنەر شەھەر تۇمان يېپىنغاندەك،
ئەرشتە، پەردە گۈل سۇس ئېچىلغاندەك.

رەڭ ئالغان ئۇز ھۆسنىگە بار كائىنات،
قوشۇلۇپ ئەزىم جۇجىياڭ دەرياسىمۇ.
ئاقلىقتا بار يېشىللىق شۇنچە يوپقا،
دەيسەن بۇ كەڭ چىمەلدىق دۇنياسىمۇ؟
كۆك تامان ئاتا نۇرلار قويۇلسىدۇ،
تۇمانلار كېرى تامام يۇيۇلسىدۇ.

تەبىئەت ياپقان بۇ سۇس پەردە ئىچرە،
ئىنتىلەر ھەممە شۇنداق ئىنتىلدۇرۇپ.
ئىنتىلىش گۈزەللىككە قوشسا ئۇزلۇق،
روھىيەت تۇرار شېرىن خىيال سۈرۈپ.
سۇس پەردە گۈزەللىكنىڭ قېنى شەكسىز،
ئىنتىلىش دۇساپىسى ئاندىن چەكسىز.

گۇاڭجۇ ـ بەييۈن تېغى 1992 ـ يىل 19 ـ نويابىر.

## «ئائىلە» خىيالى

ئىنسانىنىڭ بولار ئۆتەڭ ـ قونالغۇسى،
ئۇۋۇسى بار مەۋجۇدات، مەخلۇقاتنىڭ.
شاھلارنىڭ شاھقا لايىق، پۇقرانىڭ ھەم،
بولغاندەك تەۋەلىكى ھەر نام ـ ئاتنىڭ.

مېھمانمەن شۇ ئۆيلەرنىڭ بىر خىلىدا،
«ئەدىبلەر ئائىلىسى» دەپ ئاتالغان.
تاملىرى قىزغىنلىق، ئۇل تېشى دوستلۇق،
خانىلار ئازادە ھەم ئۇز ياسالغان.

بىر غېرىچ يەر ئالتۇنغا تەڭ شەھەردە،
بېغى بار بۇ قورۇنىڭ شۇنچە كەڭرى.
قىلدۇرار كىشىگە ھېس، ئەدىبلەرگە
ئوڭ كۆزدە قارىغاننى ئەل ـ يۇرت، تەڭرى.

ياسىغان ساخاۋەتچى بىر مىليونېر،
چىقىرىپ يېنىدىن پۇل، بۇنى شۇنداق.
بار خاڭجۇ، گۇاڭجۇدىمۇ ئارامگاھلار،
ئەدىبلەر ئۇچۇن شېنجېن بولغان قونداق.

ئېسىمگە ئالدىم يۇرتۇم بايلىرىنى،
قورۇدا تىكىلگەنچە كەڭ دېڭىزغا.
سېلىشقان ساخاۋەتتىن مەكتەپ، كۆۋرۈك،
ئاغدۇردۇم نەزەر ئۇلار باسقان ئىزغا.

مەسچىتلەر ئاندىنمۇ كۆپ، شۇنچە كۆركەم،
يوق، ئەپسۇس، بىرمۇ «ئەدىب ئائىلىسى».
كىشىلەر ئويلانمامدۇ بۇ خۇسۇستا،
كەلدىمۇ تار ئاتا يۇرت دائىرىسى؟

ئىشەندىم، مەكتەپ، كۆۋرۈك سالغان بايلار،
ياسايدۇ بىزدىمۇ بۇ قورۇ - جايىنى.
ئۇنتىدۇ ئەدىب، ئەل قان-گۆشتەك يېقىن،
تۇرغاندەك يوقلاپ كۈن-تۈن قۇياش، ئايىنى...

1992 - يىل 24 - نويابىر، شېنجېن ئەدىبلەر ئائىلىسى.

## ساھىلدىن دۇنياغا

— 1932 - يىلى فرانسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ياسىلىپ، دې گولل جياڭجۇنىڭ لېنتا كېسىشى بىلەن سۇغا چۈشۈرۈلگەن بۇ غايەت زور يولۇچىلار پاراخوتى، يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق دېڭىز - ئوكيانلاردا ئۈزۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ 109 دىن كۆپرەك پورتىغا بارغان. نۇرغۇن دۆلەت باشلىقلىرى بۇ پاراخوتقا ئولتۇرغان. 1972 - يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى سېتىۋالغان بۇ پاراخوت ھازىر شېنجېن دېڭىز ساھىلىدا توختىتىلىپ، «دېڭىز ئۈستىدىكى دۇنيا» قىلىنىپ، ساياھەتچىلەرگە ئېچىۋېتىلدى.

— چۈشەندۈرگۈچىنىڭ سۆزىدىن

تالاي باھار، قىشنى كۈتۈپ ھەر ئىنسان،
ئاداققى بىر قونالغۇدا توختايدۇ.
قاي تەسادىپ، قاي سائەتتە يۈز بېرەر،
قاي تەقلىتتە جان بېرىشنى ئۇقمايدۇ.
ساھىلدىكى ھەيۋەتلىك بۇ پاراخوت،
شۇ ئىنساننىڭ ھاياتىغا ئوخشايدۇ.

دۇنيا كەزگەن، دۇنيا كۆرگەن ئۆمرىدە،
نەپەسلىرى بولۇپ نۇرلۇق - يالقۇنلۇق.
توپ ئوقىغا قالقان بولسا گەۋدىسى،
پايانسىزلىق كەزگىنى— زور دولقۇنلۇق.
ماچتىسىغا قوندۇرۇپ كۈن، چولپاننى،
ئۆتكەن ئىچى گاھ تىنچ، گاھ غۇلغۇنلۇق.

ئۇندا يۈرۈپ قانچىلىغان باھادىر،
تاپقان جەڭگاھ يېڭىشنىڭ ئېپىنى.
سۆيۈپىسىدا نەزەر سالغان يىراققا،
مەھكەم تۇتۇپ خەنجىرىنىڭ سېپىنى.
ئۇندا يۈرگەن نازىنىن ھەم قاراقچى،
چېلىپ ھەركىم ھەر سەۋداغا دېپىنى.

ئۇ توختاپتۇ بۈگۈن مانا ساھىلدا،
دەرمانى يوق ئوكيانلاردا ئۈزۈشكە.
بولۇپ «دېڭىز ئۈستىدىكى چوڭ دۇنيا»،
ئاچقان ئىشىك جامالىنى كۆرۈشكە.
بۇلار بۇندا ئۆتمۈش، بۈگۈن، ئەتىدىن،
تىزىق تىزىپ ئوي - خىياللار سۈرۈشكە.

قالماس ئىدى بۇ ھەيۋەتلىك ھالىتى،
بولغىنىدا ئوكيانلارغا غەرق ئۇ.
بۈيۈك نامى كەلگەن بوران - چاپقۇندىن،
كۆپنى كۆرۈپ، كۆپنى بىلگەن شەرق ئۇ.
مەردلەر بىلەن قورقۇنچاقلار ئارىسى،
ئىككى سەپنى ئايرىيدىغان پەرق ئۇ.

ئوخشاتقىنىم ۋەجى ئۇنى ئىنسانغا،
چېلىش، مەردلىك، نام قالدۇرۇش ئۇدۇمى.
ئىنسان ئەگەر قورقۇپ، تىترەپ ياشىسا،
يۇتار بىرلا يالماپ مەردلەر ھۇجۇمى.
قالدۇرماي ھېچنام، ياشاشتىن يوق لەززەت،
ئاجىزلايدۇ ئۇندا ئىنسان ئۇقۇمى.

1992 - يىل 26 - نويابىر، شېنجېن.

## جۇخەي بىزگە ئاچتى كەڭ قۇچاق

پىرىستانغا چىقىپ ئاي، قۇياش،
گۈللەر بولۇپ گىياھ، تاغۇ - تاش.
نۇرلار چايقاپ بۈرغۈن چاچقۇسى،
جۇخەي بىزگە ئاچتى كەڭ قۇچاق.

ئارال يۇرتى ئىدى ھاۋالىق،
ساھىللىرى شوخ كۆي ـ ناۋالىق،
قىيالاردا بىنا ئورمىنى،
تەبىئەتتىن ئالغان رەڭ ـ بوياق.

تۇپرىقىدا كەشتە توقۇلغان،
دېڭىزىدا دولقۇن يۇيۇلغان.
ئاسمىنىدا ئۈزەر پولات قۇش،
بۇ يەر ھايات قايىنىغان بۇلاق.

يوللار گويا يۈرەك تومۇرى،
توسالغۇسىز مېھنەت ئۇچۇرى.
رىقابەتنى قىلغان رودا ھەم،
مەردلەر ئۇنى ھەر بىر پېچ ـ ئۇچاق.

دوستلار بىزگە ئاچتى باغرىنى،
چالدى ئارال تويغا ناغرىنى؛
دىلنى دىلغا ئۇلىدۇق ھېستا،
چۇشۇرمەي ھېچ تۈگۈنچەك ـ ئۇلاق.

تىكىلگەندە كۆزلەرگە كۆزۈم،
مۇھەببەتتىن ئوت ئالدى يۈزۈم،
دىل قۇشۇمنى قويدۇم ئۇۋۇلىتىپ،
بولمىغاچقا ئاشىققا سوراق.

يار ھۆسنىگە قاراپ قانمىدىم،
شوخ تىلىدىن ۋاپا ئاڭلىدىم.
سىرىمولۇق شېۋىرلىشىشىغا
ۋۇجۇدۇمنى قىلىپ مىنىڭ قۇلاق.

سىڭىپ كەتتىم ئىللىق قوينىغا.
لەۋھە ئاستىم ئۈتەك بوينىغا،
جۇپ يۈرەكنىڭ سوقۇشىغا تەڭ،
لەۋھە كۆيى ـ ۋەزىن ھەم توراق.

بولدۇم بۇ رەت شۇنچە تەلەيلىك،
ئەلىيىمگە ئورتاق جۇخەيلىك،
تىكتىم بۇندا دوستلۇق كۆچىتى،
گۈللەر تاڭلا چېچىپ ھىد ـ پۇراق.

1992 ـ يىل نويابىر، جۇخەي.

## گۈلدەستىگە ئالمىشىپ قورال

تونۇش ئادەم، تونۇش چىراي، تونۇش كۆز،
مەن ئۇلارغا، ئۇلار ماڭا قارىدى.
ئارىلىقىمىز ئىككى دۆلەت، بىر قەدەم،
قاراشلاردىن دىللارغا ئوت تارىدى.

ئۇزۇن گۈزەر — ئىككى ئەلنىڭ بازىرى،
ئوتتۇرىدا تىكەنلىك سىم ـ توساق يوق.
يان قوراللار گۈلدەستىگە ئالماشقان،
بولغاچ ئالتۇن تۆكمە، كۆز ۋەكۆڭۈل توق.

يارالماقتا بۇندا ياشاش نۇسقىسى،
ئالماشقاندەك مال، ھېسسىيات ئالمىشىپ.
كۆكسى ـ قارنى كەڭ بولسا ھەر ئىنساننىڭ،
ئۆتەردىكەن ئىشى شۇنداق قاملىشىپ.

تونۇش ئادەم، تونۇش چىراي، تونۇش كۆز،
قول ئېلىشتۇق، قول بېرىشىپ بولۇپ ئۆز.
دىل يېقىنلىق، يېقىن قىلار يىراقنى،
گۈل ھاياتقا كەتمەس بۇندىن ئارتۇق سۆز.

1992 ـ يىل 28 ـ نويابىر، شاتوجياۋ

(1) جۇڭگو ـ ئەنگلىيە كوچىسى

# ئېچىرقاش

(غەزەللەر)

ياسىن زىلال

1

بولدى، بەس! توسما يولۇمدىن، دېمىگىن: «سەن بىر يايلاق،
سەن بارار بولغان نىشان چۆچەككە ئوخشاش بەك يىراق.»
مەن ئەمەستىم چۈشكە ئامراق، تۈندە ياستۇق مۇشپىقى،
ھەم ئىدىم بىدارغا يات، ئويغاقا ئوخشاش ئۇخلىغاق.
تۈندە سېھرىي كۆي كارامەتلىك قولىغا چۈشتى روھ،
شۇ قەدرى ئۆتتى «ماڭ!» دەپ، قول سوزۇپ قۇچتۇم پىراق.
بارىمەن، توسما! بولۇپ شۇڭقار پەلەكتە پەر قېقىپ،
لاتا يىپ ئۇقيا ئەمەس غايەمدە ئوق ئۇزگەن روچاق.①
بەلكى قۇيۇنتاز ئىزچىتماق بولسا بولغاي گاھى ـ گاھ،
كۆزگە قۇم تولغاندىمۇ مەنزىلدە ئۈنلەر قوڭغۇراق.
مەن بارارمەن چۆلدە يانتاق، سايدا قىرتاش ئۈستىدە،
تا شەپەقتىن باغقا رەڭ تۆككەي قىيا ئەمگەن بوياق.
بارىمەن... ئۇپراپ ھاسام بولغاندا يىڭنە، يا خىزىر...
يا كۆمۈپ قۇملار مېنى بىر جۈپ كۆزۈم بولغاي بۇلاق.
كېلىدۇ كەپتەر ئۇچۇپ سىرلىق قەسىرلەر ئۈستىدىن،
دەشتتە ئاققان چەشمىلەرنىڭ ھەيرىتىدىن مىڭ سوراق.
بەھرى تاردىم ئەۋجى بارخان ئاتلىسا پاھ، باغۇ ـ باغ،
چۆلدە مىڭ ياشلاردىكى توغراقتا گۈل، بۇلبۇلغا باق!
يا سېنى باشلاپ بارار تەختىراۋانلار شۇ تامان،
نەزمىگاھ شائىر ئۈچۈن مىڭ زىندىپا يالىق زەر راۋاق.
يا دېرەك بولماي يوقالسام قۇمغا چۈشكەن قەترىدەك،
چۆچىكىم بولغاي ئانا ئەللەيلىرىگە خاس قوشاق.

2

ئىشقىنىڭ بولقىسى تا بەنتىگە زەرپ ئۇردى،
ئېيلىكلەر چاچرىغان ھەر تال سۆڭەكنى يۈزگە سۇندۇردى.
چېچىلدىم قۇم كەبى، يىغلايدۇ روھىم ئايلىنىپ سەرسان،
شۇ دەم ئۈستۈمدە غايىب ـ غايىباتلار بەزمىلەر قۇردى.

---

① روچاق — تەقلىدىي يا كېرىچى.

تۇتۇپ قەلبىمنى بىر قول ئالدى نەرسە، ئىرغىتىپ ئاتتى،
ئۇنىڭ ئورنىغا دەۋھۇم نەرسىلەرنى سالدى ـ تىندۇردى.
بوران ھەر دانە ـ دانەمنى ئېلىپ ھەر ياققا يول تاشلاپ،
غېرىب تالقانلىرىمنى مىڭلىغان بارخانغا قوندۇردى.
نەچۇك بىر سېھرىكىم، كۆكۈەلىرىمدىن قورۇلۇپ چىقتىم،
ئەمەس مەلۇم تېنىم تۇپراق بىلەن قانچە ئۇزۇن تۇردى.
ئەزەل چېھرىمگە يات بىر يۈزنى كۆرسەتتى ماڭا ئەينەك،
قۇياش ئىسسىق تىلەپ ئوتلۇق كۆزۈمگە ئىلتىجا سۇردى.
بېشىمدا دەۋرى ئەيلەر ئاي، پۈتۈمنى چايقىدى دەريا،
زېمىن تاغلارنى ئۆچرەت بىرلە ئالدىمدا چوقۇندۇردى.
شامااللار ئۈستىدە ھۆرلەر ئۆتۈشتى قايرىشىپ رومال،
زىبا قولاردىكى گۈلدەستىلەر بەرگىنى ياغدۇردى.
رىزامەن سوقسا سەندەلگە مېنى ئىشقىم بولۇپ بازغان،
چېقىلماق سېھرى ئاچ ئارزۇلىرىمنى زەپ تويۇندۇردى.

3

ھايات خانەمدە ھەردەم بىتەكەللۇپ باركى بىر مېھمان،
پولات دەرۋازىلار قەسرىمدە سېھىردىن ئوچۇق ھەر ئان.
مېنىڭ ئەركىم ئۇنىڭ يادىغا كەلگەنگە قىلار قۇللۇق،
ئاداقسىز سۇردى دەۋران روھى جانىم ئۆزرە بۇ ھىجران.
تومۇر دولقۇنلىرىمدا قانلىرىم كارۋان ياساپ ئاقسا،
ئۇنىڭ ھەر قەترىسى ئۈستىدە ياندۇرغاي ئەزىم گۈلخان.
جۇدالىق دەشتىدە چاڭقا قىلىقىم باغرىمغا شور چاچسا،
بىرەر يالقۇن شارابى لېپمۇ لىپ ئوتدان كەبى پەيمان.
قىيالارغا يېپىشتۇرغاي مېنى ئاسماندا گۈل تەگلەپ،
شىۋىرغان مۇز داۋاندا يۈرگىنىمدە يىغلىغان گىريان.
شەپەققە يۆگىنىپ تاغ باغرىدا قانچە تۈنەپ قالدىم،
چۈشۈمدە ئاي بېشىمدىن ئايلىنىپ يۇلتۇزنى ياغدۇرغان.
چېقىنلار تاۋلىغان جىسمىمغا يامغۇرلار سىڭىپ كەتتى،
يانار تاغ ئۈستىدىن ئۆتسەم لاۋالار بولدى لال ـ ھەيران.
شامال سۆزمەنلىكىدىن بۇ جاھانغا بىر چۆچەك بولدۇم،
ھېكايەمدىن كۆيۈپ، ھوشسىزلىنىپ ياپراق تۆكەر ئورمان.

پىغانىمدىن يېقىلدى گۈل شېخىدا ئۈنلىگەن كاككۇك،
چېچەكنى چىشلىگەنچە كۆزلىرىنى يۇمدى بۇلبۇلجان.
نەتۈندە كۆز يۇماي بىردەم، نە كۈندۈز ياڭرىغاي كۈلكەم،
يېغىندەك تۆكىلەر باغرىمغا ئارمان ئۈستىگە ئارمان.

4

باھار كەلمىشنى بىلدىم كۆكتىكى قاقىر بىلەن غازدىن،
«سۈيۈر چاڭلارنى يەردىن!» دەپ ئۆتۈندۈم كۆپ قۇيۇنتازدىن.
قىلىپ ھېسلار غەرق شېرىن خىيال دۇنياسىدا يۈرسەم،
ۋىچىرلاپ سوپەياڭلار نەدىدۇر ئۈن بەردى ئۇز يازدىن.
ئويۇمدا ئۈندى مايسا، ئوينىدى بەرگىنى مەيىن يەل،
قۇرۇق شاخلارغا زۇمرەت رەڭ يوپۇرماق قوندى ئاز ـ ئازدىن.
سۇزۇك دولقۇندا غىلدىرلاپ بېلىق ئوينايدۇ، مۇز نەدە؟
ئېگىز تاغلاردىكى قىش نەيزىسى يانماقتا ئەلپازدىن.
جىمى جەننەت ماڭا بوستان ـ گۈلىستانلارنى كۆرسەتتى،
ۋەتەن گۈلباغلىرىغا نۇسخا ئالدىم بارچە ئەندازدىن.
باھار غۇلمانلىرى باشىمغا گۈل قاقتى مۇئەللەقتە،
قاماشتىم كۈنگە باققاندەك نىگار مېھرىدىكى نازدىن.
ئۇچۇپ شوخ قارلىغاچتەك قىر، ئېدىر، يوللارغا پەر چەكتىم،
ئاياغ باسماققا ئەيمەندىم يېشىل پەرقۇت پاياندازدىن.
چىقىپ تىلسىم تېغىغا مەن پولات بولقامنى ئويناتسام،
شۇ دەم ئويغاندى چۆل، دەريا كۆتەرگەن ناخشا ـ ئاۋازىدىن.
پەرىشتە قوللىرى بوينۇمدا، بۇلبۇللار چۇرۇقلايدۇ،
يۇيۇلدى دىل ناۋادا، كۈي ئاقار ئەنھار بولۇپ سازدىن.

5

رىۋايەتتىن تېپىپ ئونلاپ ئۇلۇغنى ئەيلىدۇق ھۆرمەت،
ئۇلار قانچە ئىدى تاڭ! ئويىمىزدا بولدى خوپ سۆلەت.
بولۇپتۇ ھەر مۇسۇلمان ئۆمرىگە زەم ـ زەم تامالىق سۇ،
يۈرۈڭقاش ھەيرىتىدىن بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدە مىڭ ھەيرەت.
دېيىشتۇق كۆپ ئەسىر گۆھەر ـ جاۋاھىر ھەققىدە چۆچەك،
دەرىخا! قاشتېشىغا ئەقلىمىزدە چەكمىدۇق خۇشخەت.
شەرەپمۇ ياكى نۇقسان؟ بىزگە ئەلا «يوق» بىلەن «كەتكەن»،
تىرىكلەر قەدرىدىن ئۆز قەدرىنى تاپمايدۇ بۇ مىللەت.

يېنىشتى ئايغا چىققانلار زېمىنچە يوق ئىكەن ئاي دەپ ،
بولاق قوچقان قەمەر چېھرى ھەۋەسنىڭ نۇرىدىن سۈلكەت .
مېنى ئاسمي دېسە ، ئاسمي بولاي كەتكەننى كەتكەن دەپ ،
ماڭا ئۆمرۈمگە ھەمدەم بىر زامانداش بولغىنى قىممەت.
ئۆلۈكلەر بىلمىسە ھالىم، يىراقلار سورىمىسا دادىم،
ماشايىقلارغا ئەيلەپ ئىختىدا كۈتمەس پەقىر نۇسرەت.
قېنى جاملارغا ئاچچىق مەيىنى لىقلاڭ ئەمدى ئەي تەرسا،
قۇرايلى بەزمە ئاشىقلىق مۇقامىدىن توۋلىشىپ ھەيۋەت.
بارايلى دارغا مەشرەپ تەلۋىدەك ئالەمنى لال ئەيلەپ،
ئەجەل بەزگەك بولۇپ ئۆلگەي ، ھايات مەڭگۈ سۇنار شەرۋەت.
سوقۇلساق بولقا ـ بازغاندا چىقارمىز تىغ بولۇپ سۇنماس،
قالار داشقال بولۇپ ئوت قوينىدا ئالتۇندىكى ئىللەت.

6

بۇ مېنىڭ رەڭگىمنى سەن كۆرمەكچى بولساڭ زەرگە باق،
ياكى ھالىمنى بىلەر بولساڭ تېگىڭگە ــ يەرگە باق.
تەلمۈرۈپ تاڭرەڭ جامالىڭغا يولۇڭدا كىرپىكىم،
سەۋرسىز ياش كۆزلىرىمگە ــ ئېرىگەن ئەختەرگە باق.
مەن سېنى ئىزلەپ، قىيا تاشلارغا رەڭ چەكتىم قېنىم،
باقمىغان قۇتلۇق نىگاھلار چۆلدىكى گۆھەرگە باق.
ناتىۋان ئۆمرۈرگە مەلھەم ئىزلىدىم، ئاھ، تاپمىدىم،
ھەمرىيىم ــ جاللات قولىدا ئوينىغان خەنجەرگە باق.
ھېسلىرىم سەرگەشتە ھىجرىڭدە قويۇن سۈرگەن چېغىم،
يۈلۈنۈپ قۇش جىسمىدىن يەل ئوينىغان ئاق پەرگە باق.
مەن سېنىڭ نامىڭنى چىللاپ ياتمىدىم كۈندۈز ـ كېچە،
ناگىھان قىسماققا چۈشكەن باغرى قان دەمدەرگە باق.
سوقسا گۈلدۈرماما پورقەت، قۇترىغان چاغدا بۇلۇت،
كۆكسىگە چاقماق يېقىلغان گۈلگە ــ نىلۇپەرگە باق.
پاك يۈرەك تولدى نەقىشلەرگە قەسىدەڭ چېكىلىپ،
ئويمىكارلار نەزمە پۈتكەن سۆپ ـ سۈزۈك مەر ــ مەرگە باق!

1993 ـ يىل ، خوتەن ـ لوپ.

# «پايانداز» تېمىسىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

## يول شەجەرىسى

كوئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي
گىرۋىكىگە جايلاشقان تارىختىكى مەشھۇر «يىپەك» يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيە-
سىدىكى خوتەننىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز، كىلىمات پەرقى
چوڭ بولۇپ، تىپىك قۇرغاق چۆل كىلىماتىغا تەۋە. ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا
43.2 سېلسىيە گرادۇس، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 28.9 سېل-
سىيە گرادۇسقا يېتىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە بوران كۆپ، ياز پەسلى قاتتىق ئىس-
سىق ۋە قۇرغاق، كۈز پەسلىدە تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىشى تېز، قىش پەسلىدە
قار ئاز ياغىدۇ، ئەمما سوغۇق. خوتەن تاشيول باش ئۇچاستكىسى مۇشۇنداق
مۇھىت ۋە كىلىمات شارائىتىدا، 315-نومۇرلۇق دۆلەت يولى، ئۆلكە يولى ھەمدە
مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان تارماق لىنىيە بولۇپ جەمئىي 807 كىلومېتر يولنى
ئاسراش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. باش ئۇچاستكا تەۋەلىكىدە بەش شۆبە
ئۇچاستكا، بىر ماشىنا ئەترىتى، 745 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى بار. ئۇ
677 نەپەر ئۇيغۇر، 66 نەپەر خەنزۇ، ئىككى نەپەر خۇيزۇ، 203 نەپەر ئايال
ئىشچى-خىزمەتچى، 132 نەپەر پارتىيە ئەزاسى، 279 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى،
706 نەپەر ئىشچىلار ئۇيۇشما ئەزاسىدىن تەركىب تاپقان جەڭگىۋار يول قوشۇنى.

بۇ قوشۇن يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بېرى، تۈرلۈك خىزمەت داۋا-
مىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزەش-تەرتىپكە سېلىش ۋە ئىسلاھاتنى
چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى باش فاكتور قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم،
ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىغا تىرىشىپ كاپالەتلىك قىلىپ، ئىككى مەدەنى-
يەت قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە تۇتۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەتنى كۈچلۈك ھەرىكەتلەن-
دۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى
ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئاساس، ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي، ئەخلاقىنى كۈچەيتىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ئۈچ
ئەلا، بىردىن ئۆگىنىش، بەشكە ئەھمىيەت بېرىش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن
سۆيۈش پائالىيىتىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىش» نى شوئار قىلىپ، يول ئاسراش
ئىشچىلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، داۋبەن قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بې-
رىش، ئىسمى-جىسمىغا لايىق «ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» بەرپا قى-
لىش قاتارلىق جەھەتلەردە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى:

1. ئىشچى-خىزمەتچىلەر مائارىپىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن
ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، تاشيول سىستېمىسىدا، نۇقتىلار كۆپ، مۇساپە ئۇزۇن،
دائىرىسى كەڭ، مۇھىتى جاپالىق، مەشغۇلات تارقاق، قورال-سايمانلار كونا،

ئىشلەپچىقىرىش قالاق، تاشيول ئىشچىلىرىنىڭ ساپاسىمۇ نىسبەتەن تۆۋەن. بۇ
ھالنى ئۆزگەرتىشتە يالغۇز دۆلەتنىڭ تېخنىك ئىشچىلار ۋە ئالىي - ئوتتۇرا
تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى تەقسىم قىلىپ بېرىشىگە تايانغان بىلەن بولمايتتى.
شۇڭا، بۇ ئۇچاستكا ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى — بۇ مەسىلىنى ھەل قى-
لىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى دەپ قارىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئۇچاستكا بويىچە 18 قارار ساۋاتسىزلىقنى
يۇيۇش كۇرسى ئېچىلدى. بۇ ئارقىلىق 292 كىشى ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى.
45 ياشتىن تۆۋەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ساۋاتسىزلار قالمىدى. مە-
دەنىيەت تولۇقلاش بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپتىن سەككىز قارار ئېچىپ،
بۇنىڭغا 217 كىشى قاتنىشىپ، لاياقەتلىك بولۇش گۇۋاھنامىسى ئالغانلار 96 پىر-
سەنتكە يەتتى. تولۇق ئوتتۇرا سىنىپتىن ئىككى قارار ئېچىلىپ، 40 كىشى قات-
نىشىپ، لاياقەتلىك نىسبىتى %100 بولدى. 1987- يىلى ئاخىرىدا ئۇچاستكىنىڭ
مەدەنىيەت تولۇقلاش خىزمىتى نەتىجىلىك ئاياغلاشتى. شۇ ئاساستا ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنى كەسپىي تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەش خىزمىتىنى باشلى-
ۋەتتى. ستاتىستىكا، تاشيول تېخنىكىسى قاتارلىق ئۆگىنىش كۇرسلىرىدىن 12 قا-
رار ئېچىلىپ، 484 كىشى تەربىيەلەندى. شوپۇرلارنى تەربىيەلەش، ئاسراش-
رېمونت قىلىش ۋە كىچىك تىپتىكى ماشىنىسازلىق تېخنىكىسى قاتارلىق ھەرخىل
كۇرسلاردىن يەتتە قارار ئېچىلدى، 149 ئادەم قاتناشتى. ھەر قايسى ئالىي، ئوت-
تۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىپ، بىلىم ئاشۇرغانلار 64 نەپەر، ئۆزلۈكىدىن
ئۆگىنىش، ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇش، تېلېۋىزىيە داشۆسى قاتارلىقلاردا
تەربىيەلەنگەنلەر 25 نەپەرگە يەتتى. ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىشلەپ-
چىقىرىش ۋە خىزمەتتىكى تايانچ كۈچلەرگە ئايلاندى. باش ئۇچاستكا باشلىقى
يولداش مايى خۇشال بولغان ھالدا: «مەن دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن باش
ئۇچاستكا 20 يىلغىچە كەسپىي ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىسىلمايدۇ» دېدى.
ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيەلەش مەسىلىسىدە، بۇ ئۇچاستكا ئاساسلىقى
مۇنداق «ئۈچنى بىرلەشتۈرۈش» — ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت بى-
لىملىرى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن كەسپىي تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈ-
رۈشنى بىرلەشتۈرۈش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەش بىلەن ئىش ئور-
نىدا ئىختىساسلىشىشنى بىرلەشتۈرۈش، يېقىن مەزگىللىك تەربىيەلەش بىلەن
باش ئۇچاستكىنىڭ كەلگۈسى پىلانىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى.

2. بۇ باش ئۇچاستكا داۋبەنىي بەخت ۋە شاد - خۇراملىققا تولغان
«ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىش قۇرۇلۇشىنى چىڭ
تۇتتى. بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن، داۋبەن ئىشچىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتى
ياخشىلاندى. بۇرۇنقى 27 ئورۇندىكى 4000 كۋادرات مېترلىق كونا گەمە ئۆيلەر
چېقىپ تاشلىنىپ ئورنىغا زامانىۋىلاشقان ئۆيلەر سېلىندى. ئىككىنچىدىن، داۋ-
بەنلەرنىڭ قاتناش ماشىنىلىرى سەپلەپ بېرىلدى. ئىلگىرى ئىشچىلار پىيادە

ئىشقا باراتتى. ھازىر 25 داۋبەننىڭ 21 سىدە ئۆزىنىڭ قاتناش ماشىنىسى بار بولدى. ئۈچىنچىدىن، ھەر قايسى داۋبەنلەرگە توك ۋە سىملىق رادىئو ئورنىتىلدى. تۆتىنچىدىن، داۋبەنلەرنىڭ سۇ ئىچىش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىپ بېرىلدى. يېرىمىدىن ئارتۇق داۋبەنلەردە سۇ مۇنارى، ۋودوپىروۋوت تۇرۇبىلىرى ئورنىتىلدى. پەقەت قاربيا ۋە موجى داۋبەنىگە قۇدۇق كولاش ئۈچۈنلا 400 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى. بەشىنچىدىن، داۋبەن ئىشچىلار ئائىلىسى قۇرۇلۇپ، تۇرمۇشى بېيىتىلدى. يول ئاسراش ئىشچىلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن تاشيول باش ئۆچاستىكا رەھبەرلىكى داۋبەنلەردە مىللىي ياش ئىشچىلار كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ھەر قايسى داۋبەنلەردە ئىشچىلار ئائىلىسى ۋە ياشلار ئائىلىسى تەسىس قىلدى. قىرائەتخانا، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئۆيى — «ئۈچ ئۆي» بەرپا قىلدى. پۈتۈن باش ئۆچاستىكا بويىچە جەمئىي 16 مىڭ 46 پارچە كىتاب سېتىۋېلىندى. 300 خىلدىن ئارتۇق 20 مىڭ پارچە گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتىرى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىشچى-خىزمەتچىلەرمۇ گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتىرى بولۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى. ئىشچى-خىزمەتچىلەر 1990-يىلى 1816 پارچە، 1991- يىلى 2251 پارچە ھەر خىل گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتىرى بولدى. ئادەم بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.03 پارچە گېزىت - ژۇرنال توغرا كەلدى. ئالتىنچىدىن، ھەر قايسى داۋبەنلەردىكى ئىشچىلار ئائىلىسىگە تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ تەقلەپ بېرىلدى. ھازىر ھەر قايسى داۋبەنلەردە جەمئىي 16 دانە رەڭلىك تېلېۋىزور، 14 دانە رەڭسىز تېلېۋىزور، تۆت دانە سىنئالغۇ، سەككىز دانە سىن قويغۇ، 40 دانە ئۈنئالغۇ ۋە رادىئو بار بولدى. يەتتىنچىدىن، داۋبەنلەرنىڭ مۇھىتىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ھەر قايسى داۋبەنلەر ئاساسىي جەھەتتىن كۆكەرتىش، باغۋارانلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، داۋبەن ئالدىدا تال جازىسى، گۈللۈك، كەينىدە مېۋىلىك ۋە سەيلىك باغ بولۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ھازىر بار بولغان ئۈزۈم تال جازىسى 4633 كۋادرات مېتر. سەيلىك، مېۋىلىك باغ 298 مو، گۈل تېرىلغان يەر 7785 كۋادرات مېتر. تەشتەك 2472 دانىگە، ماي ياتقۇزۇلغان ھويلا كۆلىمى 18 مىڭ 223 كۋادرات مېترغا، سېمونتلانغان ھويلا 468.5 كۋادرات مېترغا يەتتى. 1990- يىلى 10- ئاي ئاخىرىدا 159 مىڭ 886 جىڭ يازلىق سەي، 113 مىڭ 979 جىڭ مېۋە يىغىۋېلىندى. ھەر جىڭنى ئىككى سېنت ھېسابلىغاندا، بۇ، بىر يىلدا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئىككى دەرىجە مائاش قېتىپ بەرگەنگە باراۋەر. شۇ ئارقىلىق ھەم مۇھىت گۈزەللەشتۈرۈلدى ھەم ئىشچىلارنىڭ كىرىمى ئاشتى. پېشقەدەم ئىشچى-خىزمەتچىلەر غەم-قايغۇدىن خالاس قىلىندى، باش ئۆچاستىكا ۋىلايەتلىك تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۈچ يىلدىن بۇيان 198 نەپەر ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. يەنە چۆلگە جايلاشقان ئىككى داۋبەندە، 1- يىللىقتىن 5- يىللىققىچە بولغان ئىككى سىنىپ ئېچىپ، ئىشچىلار پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. توققۇزىن-

چىدىن، مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياكى ئۇلارنىڭ بىۋاستە ئۇرۇق - تۇغ-
قانلىرى قازا تاپسا، ماشىنا ئەۋەتىپ، ئۇچاستىكا رەھبەرلىرى بىۋاستە بېرىپ،
پاردەملەشتى. 30 كىلومېتر ئىچىدە داۋبەندىكى يولداشلارنىڭ
ھەممىسى نامازغا باردى. 30 كىلومېتىردىن
يىراق بولغانلىرىغا سىياسىي يېتەكچى ۋە گۇڭخۇي گەنسىسى چوقۇم باردى.

3. ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ قانۇنى ھوقۇق-مەنپەئەتى قوغدالدى. باش ئۇ-
چاستىكا قارمىقىدىكى 159 نەپەر ئايال ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ 100 نەپىرى بې-
رىنچى سەپتە چۆل - جەزىرىدە ئىشلەۋاتقانلار. تاشيول باش ئۇچاستىكىسى «ئا-
يال ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزىتى بەلگىلىمىسى» دىكى تەلەپ-
لەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش يۈزىسىدىن «ئايال ئىشچى -خىزمەتچىلەرنىڭ
سەككىزنى قىلماسلىقىنى بەلگىلىدى.① كەلكۈن مەزگىلىدە سۇغا كىرمەسلىك.
② لىچىڭ (قاراماي) كۆيدۈرمەسلىك. ③ خىنيەنتۇ ئۇرماسلىق. ④ شېغىل
تاشىماسلىق. ⑤ ئەمگەكۋاقتىنى ئۇزارتىۋەتمەسلىك. ⑥ ھامىلىدار مەزگىلى-
دە ئېغىر ئىش قىلماسلىق. ⑦ ھارۋا سۆرىمەسلىك. ⑧ بالا ئېمىتكەن مەزگىلى-
دە ئىش ئورنى ئىككى كىلومېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىك.

4. كۆپ خىل، مەزمۇنلۇق، ساغلام بولغان مەدەنىي تەنتەربىيە پائالى-
يەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى.

ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قارىتا، خىزمەت جەھەتتە ئۇلارنى قوللاش، تۇر-
مۇشتا ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش، سىياسىي جەھەتتە ئاسراش پرىنسىپى قول-
لىنىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىلمۇ خىل مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالى-
يەتلىرى داۋاملىق قانات يايدۇرۇلدى. داۋبەنلەردە 11 ئورۇندا ۋاسكېتبول
مەيدانى ياسالدى. تىك - تاك توپ ئەنزىسىدىن 27، تەيچۈر ئەنزىسىدىن 32
سى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بەش شۆبە ئۇچاستىكىدا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت دۈيى
قۇرۇلۇپ، 151 خىل چالغۇ ئەسۋابلىرى سېتىۋېلىندى. بۇ سەنئەت دۈيلىرى ھەر
قايسى داۋبەنلەرگە بېرىپ ئويۇن قويغاندىن سىرت، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىكى
تىياتىرخانىلاردىمۇ ئويۇن قويدى. ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئۇيۇشتۇر-
غان مىللىي ناخشا- ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدا مىللىي مۇزىكا ۋە مىللىي ئۇسسۇل
بويىچە 1 - لىككە ئېرىشتى. گۇما ناھىيىسى قوش نەمۇنىچى ناھىيە بولۇپ با-

ھالاندى. باش ئۇچاستكا بويىچە 379 مەدەنىيەتلىك (بەشتە ياخشى) ئائىلە باھالاپ چىقىلدى. 80 پىرسەنتتىن يۇقىرى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشتا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى. ئىشچىلار قانۇننى بىلگەن، قانۇن بويىچە ئىش قىلغانلىقتىن 12 يىلدىن بېرى بىرەر چوڭ جىنايى ئىشلار ئەنزىسى يۈز بەرمىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، باش ئۇچاستكا ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدا ئۇچاستكا-ئەترەتلەر ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى، تاشيول باشقۇرۇش ئىدارىسى، خوتەن يەرلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە، قاتناش باشقارمىسى تەرىپىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئىلغار كوللېكتىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلغار ئورۇن، «بەش بولۇش، تۆتتە گۈزەل، ئۈچنى سۆيۈش» بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ. شىنجاڭنى ئېچىش، قۇرۇشتا ئىلغار كوللېكتىپ، پېشقەدەم كادىرلار خىزمىتىدە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى بويىچە ئىلغار ئورۇن، مائارىپنى قوللاشتا نەمۇنىلىك ئورۇن، قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىدا مەملىكەتلىك ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتتە ئىلغار شەخسى، مەملىكەت بويىچە ئىلغار يول ئاسراش ئىشچىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى، خوتەن قاتناش سىستېمىسى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ئۈلگە شەخس قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى خوتەن گېزىتى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو ئىستانسىسى، ئاپتونوم رايونلۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ گېزىتى، شىنجاڭ ئىشچىلار گېزىتى، شىنجاڭ ياشلىرى، مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى، كوممۇنىستلار ژۇرنىلى، جۇڭگو قاتناش گېزىتى ھەمدە لياۋنىڭ بەيشەن نەشرىياتى نەشر قىلغان «كارخانا روھىنى بەرپا قىلغۇچىلار» دېگەن كىتابقىمۇ كىرگۈزۈلدى.

— خوتەن تاشيول باش ئۇچاستكىسى

# دەشتى - چۆلدە يول ئاچقۇچى ئەزىمەتلەر





بۇرۇنقى قىڭغىر ـ قىيسىق يول
ئورنىدا،
كۆمۈشتەك يالتىرايدۇ ئۆزگە
بىر يول.
ماتورلار سايرىشىدىن شىپا
تېپىپ،
جانلاندى ھوشسىز ياتقان ئىـ
دىر، ساي، چۆل.

↑ تاشيولچى قىز



پېشقەدەم تاشيولچى →

قەييۇم ئابدۇقادىر فوتوسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




# 新 玉 文 艺 يېڭى قاشتېشى

***NEW JADE LITERATURE***

1993 年第四期（双月刊）
编辑：《新玉文艺》编辑部
出版：和田行署文化处
喀什日报社印刷厂印
发行：和田地区邮电局
订阅：全国各地邮电局
印张：787×1092.1/16,6.25 张
国内外统一刊号：
ISSN 1002 — 929 X
CN 65—1088/1
代 号：58 — 26

1993 - يىل 4 - سان (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)
تۈزگۈچى: «يېڭى قاشتېشى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى
نەشر قىلغۇچى: خوتەن مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى
«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
خوتەن ۋىلايەتلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
فورماتى: 787×1092 مم، 1/16 6.25 تاۋاق
مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
ISSN 1002 — 929X
CN 65 — 1088/1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 26

电话：23792
定价：0.60 元

تېلېفون نومۇرى: 23792
باھاسى: 0.60 يۈەن